# شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى

پەسىللىك ژۇرنال
21 - يىل نەشرى

ئومۇمىي 67 - سان

2004 - يىللىق
2 - سان

مەسلىھەتچىلەر
ئۇيغۇر سايرانى
ئىمىن تۇرسۇن
نۇرمۇھەممەت دۆلەتى
سابىر ئەلى

باش مۇھەررىر
دىلمۇرات مۇسا

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر
ئابدۇرۇپ ئېلى
ئەخمەت روزى توغرۇل

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى
(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)
ئابدۇرۇپ ئېلىـــــى، ئابدۇشۇكۇر تۇردى، ئابدۇقېيۇم خوجا، ئابلەت نۇردۇن، ئابلەت ئىمىن، راسىلە، غوپۇر ھوشۇر نىيازى، غوجائەخمەت يۇنۇس، قادىر ھاپىز، قاسىم خوجا، قۇربان مامۇت

مەسئۇل مۇھەررىر
ئابلىز ئورخۇن

## مۇندەرىجە

### تەزكىرىچىلىك تەتقىقاتى

تەزكىرىنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكى. . . . .
......................... ئابدۇرۇپ ئېلى1

### تارىخ سەھىپىسىدە

نوشىرۋان يائۇشېڧنىڭ ساياھىتى ھەققىدە. . . . . .
......................... ئۇئىشى شىنئىچىرو6
ئىلى ... ۋقەسىنىڭ باش - ئاخىرى. . . . .
......................... ئابدۇرېھىم ياقۇپ16
خېشى ئۇيغۇرلىرى ۋە مانى دىنى. . . . . . .
......................... ئەركىن ئەرشىدىن24
كۆك تۈركچە مەڭگۈ تاشلاردا كۆرۈلىدىغان قەبىلە- قەۋملەر-
دىن چىكلار ......................... سائادەتتىن گۆمەچ28

### تارىخىي ئەسلىمە

قاراقاشتا 1949 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە داۋام قىلغان
ئەنئەنىۋى مائارىپ ......................... مەمتىمىن نۇرى31
«ئىلى قىزىل قاناتلىقلار» تەنتەربىيە ئۇيمىكى. . . . .
......................... توختى ئىبراھىم35
قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان روھ. . . . . . . . .
......................... غوجا ئەخمەت يۇنۇس41

### ئىلمىي مۇھاكىمە

10 - ئەسىردىن ئىلگىرىكى تۈركلەر بىلەن ۋېنگىرلار-
نىڭ مۇناسىۋىتى ......................... گۆلۈڭ فاڭجېن 50

مۇقاۋىدا: قۇمۇل تاغلىرىدىن بىر كۆرۈنۈش
يۇسۇپ ياقۇپ فوتوسى

# تەزكىرىنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكى

ئابدۇرۇپ ئېلى

(ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتىدىن)

تەزكىرە تۈزۈش ئېلىمىز مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى؛ ئېلىمىزدە تەزكىرە تۈزۈشنىڭ تارىخى ئۇزۇن. ئۇزۇن يىللىق تەزكىرە تۈزۈش جەريانىدا تەزكىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ۋە خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى نەزەرىيە جەھەتتىن يەكۈنلەندى، تەزكىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنىڭ تەزكىرىنىڭ خۇسۇسىيىتىنى بەلگىلەيدىغانلىقى، تەزكىرىنىڭ ياخشى - يامانلىقىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، لېكىن بۇ ھەقتە يەنە بەزى ئوخشاش بولمىغان قاراشلار مەۋجۇت، شۇڭا يەنە داۋاملىق ئىزدىنىشكە ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدا سوتسىيالىستىك يېڭىچە تەزكىرە تۈزۈش ئىشى باشلانغان 20 يىلدىن بۇيان تەزكىرە نەزەرىيىسىگە دائىر نۇرغۇنلىغان نەزەرىيىۋى ماقالىلەر ئېلان قىلىنىپ، تەزكىرىچىلىكنىڭ ئۆزىگە خاس بىر پەن ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، تەزكىرىنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكى توغرىسىدىمۇ ھەرخىل قاراشلار ئوتتۇرىغا چىقتى. تۆۋەندە مەن بۇ ھەقتە بىرنەچچە خىل قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كۆپچىلىك بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن.

## تەزكىرىنىڭ خۇسۇسىيىتى

1. تەزكىرە يەرلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە قامۇس، چۈنكى تەزكىرىگە بىرىنچىدىن، بىرەر جاينىڭ تارىختىن بۇيانقى چېگرا ئەھۋالى، تەبىئىي قىياپىتى، تەبىئىي بايلىقى، سۇ ئېنېرگىيىسى، قېزىلما بايلىقى، شۇ جايدا يۈز بەرگەن تەبىئىي ئاپەتلەر، يەر تەۋرەشكە دائىر مەلۇمات، گېئولوگىيىلىك يەر قىياپىتى، دېڭىز - ئوكيان، گىدرولوگىيە، تۇپراق، ئاسترونومىيە، مېتېئورولوگىيە (كىلىمات)، ھايۋانات، ئۆسۈملۈك قاتارلىقلارغا دائىر ماتېرىياللار؛ ئىككىنچىدىن، تەبىئىي بايلىقلاردىن پايدىلىنىش، سۇچىلىق، يەر تۈزۈمى، دېھقانچىلىق (جۇملىدىن تېرىلغۇ يەر

**تەزكىرىچىلىك تەتقىقاتى**

كۆلىمى، تېرىقچىلىق تۈزۈمى، تېرىقچىلىق تېخنىكىسى، ھەرخىل زىرائەت سورتلىرى، ئوغۇت، ھوسۇل، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش)، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، تۇزچىلىق، چايچىلىق، تاماكىچىلىق، بېلىقچىلىق، سودا (ئىچكى، تاشقى سودا، باھا)، قول سانائىتى، سانائەت، مالىيە - پۇل مۇئامىلە (باج، پۇل، پېرېۋوت)، قاتناش قاتارلىقلارغا دائىر ئىقتىسادىي ماتېرىياللار؛ ئۈچىنچىدىن، بىرەر جاينىڭ مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىلىشى، دېھقانلار قوزغىلىڭى، شەھەر خەلقى قوزغىلىڭى، تاجاۋۇزچىلىق ۋە تاجاۋۇزچىلىققا قارشى كۈرەش، سىياسىي كۈرەش، سايلام، دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار، جەمئىيەت - تەشكىلاتلار، سىياسىي تۈزۈم، قانۇنچىلىق (ھەق - تەلەپ دەۋا ئىشلىرى، جىنايى ئىشلار، يېزا قائىدىسى، پۇقرالار ئەھدىنامىسى)، چېگرا مەمۇرىيىتى قاتارلىقلارغا دائىر سىياسىي مەزمۇنلار؛ تۆتىنچىدىن، ھەربىي تۈزۈم، ھەربىي ئەسلىھەلەر، قورال - ياراغلار، ھەربىي مەجبۇرىيەت، ئۇرۇش، جەڭگاھ، كۆچۈش ئەھۋالى قاتارلىق ھەربىي ئىشلارغا دائىر مەزمۇنلار؛ بەشىنچىدىن، نوپۇس، مىللەت، كۆچمەنلەر، مۇھاجىرلار ئىشلىرى، تاشقى ئىشلار، دىن، جەمەت، مىللىي ئۆرپ - ئادەت، دىئالېكت، ماقال - تەمسىل، كىيىم - كېچەك، ھەر خىل لازىمەتلىكلەر، ئاشپەزلىك قاتارلىقلارغا دائىر ئىجتىمائىي ماتېرىياللار؛ ئالتىنچىدىن، كىتاب، ھۆججەت - ۋەسىقىلەر، گېزىت - ژۇرنال، مەتبەئە، ھۈنەر - سەنئەت، گۈزەل سەنئەت، مۇزىكا، ئۇسسۇل، دراما، مەكتەپ، ئەدەبىيات، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، مەشھۇر ئاسارىئەتىقىلەر، تەنتەربىيە قاتارلىق مەدەنىيەتكە دائىر ماتېرىياللار؛ يەتتىنچىدىن، ئىشلەپچىقىرىش قورال - سايمانلىرى، قاتناش قورال - سايمانلىرى، كالېندار، تىببىي دورا، بىناكارلىق، مېتاللچىلىق، ھەرخىل ئۆلچەم قاتارلىق پەن - تېخنىكىغا دائىر ماتېرىياللار (باشقا ھۆججەت - ۋەسىقىلەردە خاتىرىلەنمىگەن قىممەتلىك ماتېرىياللار تەزكىرىدە ساقلاپ قېلىنىدۇ)؛ سەككىزىنچىدىن، تارىختا نامى بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن نۇرغۇن ئالىم، كەشپىياتچىلار، ماھىر ئۇستىلار، خەلق سەنئەتكارلىرى، خەلق قەھرىمانلىرى قاتارلىق شەخسلەرگە دائىر ماتېرىياللار توپلانغان.

2. تەزكىرە يەرلىك تارىخ خۇسۇسىيىتىگە ئىگە، ئۇ ھەم جۇغراپىيە، ھەم تارىخ خاتىرىلىنىدىغان ئەسەر، تەزكىرىدە مول سىنىپىي كۈرەش، ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى، ئىجتىمائىي ئۆرپ - ئادەت، تەبىئىي ئاپەتكە دائىر ماتېرىياللار خاتىرىلىنىدۇ، لېكىن تەزكىرىنىڭ مەزمۇنى يەرلىك تارىخنىڭ مەزمۇنىدىن مول، رەڭدار، تەپسىلىي بولىدۇ، ئۇنىڭدا يەرلىك تارىخقا قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەر خاتىرىلىنىدۇ. ھازىر تەزكىرە مۇكەممەل نەزەرىيە سىستېمىسىغا ئىگە بولدى ھەمدە مۇستەقىل پەن - تەزكىرىشۇناسلىق بارلىققا كەلدى. شۇڭا ئۇ جۇغراپىيە بىلەن تارىخلا خاتىرىلىنىدىغان ئەسەر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى جۇغراپىيىگىمۇ، تارىخقىمۇ مەنسۇپ بولمىغان مۇستەقىل پەنگە ئايلاندى.

3. تەزكىرە جايلار تۈزىدىغان ھۆججەت

خاراكتېرلىك ئەسەر بولۇپ، ئۇ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا ئەگىشىپ ئۇزۇن تەرەققىيات جەريانىنى بېشىدىن كەچۈردى. بۇ جەرياندا ئۇ رايون خۇسۇسىيىتىگە، دەۋر خۇسۇسىيىتىگە، ماتېرىيال قىممىتىگە ئىگە بولۇش، ئىشەنچلىك، ئۇنىۋېرسال بولۇشتەك ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولدى.

4. تەزكىرىنىڭ خۇسۇسىيىتىدىن قارىغاندا، ئۇ سوتسىيالىستىك يەرلىك ھۆججەتكە تەۋە. يەن جەھەتتىن قارىغاندا، كەڭ مەنىدە، ئۇ تارىخ كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ، چۈنكى تارىختىمۇ، تەزكىرىدىمۇ ئوخشاشلا ئۆتكەن ئىشلار خاتىرىلىنىدۇ، تەزكىرىدە ھازىرقى ئىشلار تەپسىلىي، قەدىمكى ئىشلار ئىخچام يېزىلىدىغان، ھازىرقى دەۋردىكى ئىشلارنى يېزىش ئاساس قىلىنىدىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا ئىلگىرى بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار يېزىلىدۇ، كەلگۈسىدىكى ئىشلار يېزىلمايدۇ. شۇڭا بىز تەزكىرە بىلەن تارىخ ھەم باغلىنىشلىق، ھەم پەرقلىق دەپ قارايمىز. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، يېڭىچە تەزكىرىلەر ئۆزگىچە مەزمۇن، ئۆزگىچە تۈزۈلۈش، ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا ئىگە. شۇڭا ئۇنى سوتسىيالىستىك يەرلىك قامۇس دېيىشكە بولىدۇ.

5. تەزكىرە پايدىلىنىش قىممىتى ناھايىتى كۈچلۈك يەن. ئىلگىرى كىشىلەر تەزكىرىنىڭ «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا ياردەم بېرىش» رولىنى تەكىتلەپ، ئۇنى «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا ياردەم بېرىدىغان كىتاب» دەپ ئاتىغان. تەزكىرىنىڭ توپ خۇسۇسىيىتى ئۇنىڭ ماتېرىياللىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇشىدىن ئىبارەت، تەزكىرە تۈزۈش پائالىيىتىدە بىرەر رايوننىڭ ئۇمۇمىي ئەھۋالى ئەتراپلىق، سىستېمىلىق، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىنىپ، چىن، ئىشەنچلىك ماتېرىياللار توپلىنىدۇ، ئاندىن بۇ ماتېرىياللار تاللاش، شاللاش ۋە پىششىقلاپ ئىشلىنىش ئارقىلىق ئىلمىي، مۇكەممەل تەزكىرە كىتابى يېزىپ چىقىلىدۇ، شۇڭا تەزكىرىنى بىرەر رايوننىڭ ئۇچۇر ئامبىرى، ماتېرىيال ئامبىرى، ئاخبارات ئامبىرى ۋە سانلىق مەلۇمات ئامبىرى دېيىشكە بولىدۇ. تەزكىرىنىڭ يەنە بىر خۇسۇسىيىتى ئۇنىڭ ئۇنىۋېرسال خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇشىدىن ئىبارەت، ئىلگىرى كىشىلەر تەزكىرىنى «بىرەر جاينىڭ ئۇمۇمىي تارىخى» دەپ ئاتىغان، ھازىرمۇ كىشىلەر ئۇنى «بىر جاينىڭ قامۇسى» دەپ ئاتىشىدۇ. چۈنكى تەزكىرە بىر رايوننىڭ تەبىئىيىتىدىن تارتىپ ئىجتىمائىيىتىگىچە، سىياسىيسىدىن تارتىپ ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ھەربىي ئىشلار قاتارلىق ئاساسلىق تەرەپلىرىگىچە بولغان تۈرلۈك مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنى ئېنىق كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، تەزكىرە ھەرگىز تارىخ بىلەن جۇغراپىيىنىڭ يۇغۇرۇلمىسى بولماستىن، بەلكى ئۇ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئۇنىۋېرسال يەندىن ئىبارەت.

## تەزكىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى

تەزكىرە مۇنداق بىرنەچچە خىل ئالاھىدىلىككە ئىگە.

1. تەزكىرە رايون ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولىدۇ. چۈنكى تەزكىرىدە مەلۇم بىر مەمۇرىي رايون دائىرىسىدە بولۇپ ئۆتكەن خىلمۇخىل ئىشلار خاتىرىلىنىدۇ. تارىختىن

بۇيانقى تەزكىرىلەردىمۇ مەلۇم بىر مەمۇرىي رايون دائىرىسىدە بولۇپ ئۆتكەن تۈرلۈك تۈمەن ئىشلار خاتىرىلەنگەن، ھازىر تۈزۈلۈۋاتقان سوتسىيالىستىك يېڭى تەزكىرىلەردىمۇ مەلۇم بىر مەمۇرىي رايوننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى قىسىم، باب، پاراگرافلارغا بۆلۈنۈپ تۈرلەر بويىچە خاتىرىلىنىۋاتىدۇ. بۇ تەزكىرىلەر ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) تەزكىرىسى يەنى ئومۇمىي تەزكىرە، ۋىلايەت (ئوبلاست) تەزكىرىسى، ناھىيە (شەھەر) تەزكىرىسى دېگەندەكناملار بىلەن تۈزۈلۈۋاتىدۇ. ئومۇمىي تەزكىرە ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) دەرىجىلىك تەزكىرە بولۇپ، ئۇنىڭدا مەلۇم بىر كەسىپنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ئەتراپلىق، سىستېمىلىق، مۇكەممەل خاتىرىلىنىدۇ، مەسىلەن: «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. مېتېئورولوگىيە تەزكىرىسى» نى ئالىدىغان بولساق، ئۇنىڭدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مېتېئورولوگىيىسىگە دائىر ئەھۋاللار ئەتراپلىق، تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن. ۋىلايەت (ئوبلاست) تەزكىرىسىدە ۋىلايەت (ئوبلاست) نىڭ بىرپۈتۈن ئەھۋالى، ناھىيە (شەھەر) تەزكىرىسىدە ناھىيە (شەھەر) نىڭ بىرپۈتۈن ئەھۋالى خاتىرىلىنىدۇ. شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تەزكىرە ھامان ماكاننىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ، شۇڭا ئۇنىڭدا روشەن يەرلىك ئالاھىدىلىك گەۋدىلەنگەن بولىدۇ. بۇ خىل يەرلىك ئالاھىدىلىكنى ھازىر تۈزۈلۈپ نەشر قىلىنىۋاتقان سوتسىيالىستىك يېڭى تەزكىرىلەردىن ئېنىق كۆرۈۋالايمىز. مەسىلەن: «كۇچا ناھىيىسى تەزكىرىسى» نى ئالىدىغان بولساق، مەزكۇر تەزكىرىدە «كۇسەن مۇزىكىسى» مەخسۇس قىسىم قىلىپ يېزىلغان. بۇ قىسىمدا كۇسەن مۇزىكا نەزەرىيىسى، كۇسەن مۇزىكا ئاھاڭلىرى، چالغۇ ئەسۋابلار، كۇسەن ئۇسسۇلى، كۇسەن تىياتىرى، كۇسەن مۇزىكىسىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىشى ۋە ھەرقايسى سۇلالىلەردىكى كۇسەن مۇزىكىلىرى، كۇسەن مۇزىكىسىنىڭ چەت ئەلگە تارقىلىش ئەھۋالى، كۇسەن مۇزىكا ـ ئۇسسۇلىغا دائىر سىدام سىزما رەسىملەر تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان. يەنە مەزكۇر تەزكىرىدە كۇسەن مىڭئۆي سەنئىتىمۇ ئايرىم قىسىم قىلىپ يېزىلىپ، مىڭئۆيلەرنىڭ ياسىلىشى، مىڭئۆي تام رەسىملىرى سەنئىتى، مىڭئۆيدىكى ھەيكەللەر، مىڭئۆي بېغىشلىمىلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. «ئاۋات ناھىيىسى تەزكىرىسى» دە ئاۋاتنىڭ ئالاھىدە يەرلىك مەھسۇلاتى بولغان مۇسەللەسنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش جەريانى ۋە مۇسەللەس ئىشلەش تېخنىكىسى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان.

2. تەزكىرە دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولىدۇ. تەزكىرىدە تەزكىرە تۈزۈلگەن دەۋردە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى خاتىرىلەش ئاساس قىلىنىدۇ، ئۇنىڭدا دەۋر ئالاھىدىلىكى، دەۋرنىڭ جەۋھىرى، دەۋرنىڭ يۈقىرى پەللىسى خاتىرىلىنىدۇ. بىز ئىلگىرى تۈزۈلگەن تەزكىرىلەر بىلەن ھازىر تۈزۈلۈۋاتقان تەزكىرىلەرنى سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق بۇ نۇقتىنى ئېنىق كۆرۈۋالايمىز. مەسىلەن: جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى تۈزۈلگەن تەزكىرىلەر ئېينى چاغدىكى

جەمئىيەت ئەھۋالى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ تۈزۈلگەن بولسا، ھازىر تۈزۈلۈۋاتقان سوتسىيالىستىك يېڭى تەزكىرىلەردە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئەھۋاللار ئاساسىي لىنىيە قىلىنىپ تەپسىلىي خاتىرىلىنىپ، ھازىرقى دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ مول مۇۋەپپەقىيەتلىرى چىن ماتېرىياللار ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

3. تەزكىرە قامۇس ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولىدۇ. تەزكىرىنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، ئۇ مەلۇم بىر جايدا يۈز بەرگەن تۈرلۈك تۈمەن ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇنىڭغا كۆپ خىل پەن مۇجەسسەملەنگەن، بىز بىرەر جاينىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى بىلمەكچى بولساق، شۇ جاينىڭ تەزكىرىسىنى ۋاراقلىساق ئۆزىمىزگە كېرەكلىك ماتېرىياللارنى تولۇق تاپالايمىز، شۇڭا تەزكىرىنى قامۇس دەپ ئاتاشقا بولىدۇ، لېكىن تۈزۈلۈش جەھەتتىن ئالغاندا، تەزكىرە بىلەن قامۇس ئۆزىگە خاس تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولىدۇ.

4. تەزكىرە داۋاملىشىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولىدۇ. تەزكىرىدە ئىشلار تۈرى بويىچە خاتىرىلىنىدۇ، پاكىتنى خاتىرىلەشتە ئۇنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ، ئۇنىڭدا بىرەر ئىشنىڭ يۈز بېرىش، تەرەققىي قىلىش جەريانى خاتىرىلىنىپ، شۇ ئىشنىڭ قانۇنىيىتى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىلىدۇ. بىرەر تەزكىرە تۈزۈلۈپ بىرنەچچە يىلدىن كېيىن تەزكىرە يەنە داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈلىدۇ. بىز ھازىر تۈزۈۋاتقان سوتسىيالىستىك يېڭى تەزكىرىلەرنى 20 يىلدا بىر قېتىم داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش بەلگىلەنگەن.

5. تەزكىرە ماتېرىيالچانلىققا ئىگە بولىدۇ. تەزكىرە كۆپلىگەن ماتېرىياللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ، لېكىن ئۇ ھەرگىزمۇ ئەسلىي ماتېرىياللارنىڭ يىغىندىسى ئەمەس. تەزكىرە ھۆكۈمەت كىتابى بولغاچقا، ئۇنىڭغا كىرگۈزۈلىدىغان ماتېرىياللار قايتا - قايتا دەلىللەشتىن، پىششىقلاشتىن ئۆتكەن بولىدۇ، تەزكىرىگە كىرگۈزۈلگەن ماتېرىياللارنىڭ چىنلىق دەرىجىسى ئىنتايىن يۇقىرى بولىدۇ، چۈنكى تەزكىرىگە ماتېرىيال كىرگۈزۈشتە بىرنى بىر دېيىش، ئىككىنى ئىككى دېيىش، شاكىلىنى چىقىرىۋېتىپ، مېغىزىنى قوبۇل قىلىش پرىنسىپىغا قاتتىق ئەمەل قىلىش ئارقىلىق، تەزكىرىگە كىرگۈزۈلگەن ماتېرىياللار ئىشەنچلىك بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلىنىدۇ. ئىشەنچلىك بولۇش تەزكىرىگە كىرگۈزۈلگەن ماتېرىيالنىڭ سۈپىتىگە قويۇلىدىغان ئاساسلىق تەلەپ، تەزكىرىگە كىرگۈزۈلىدىغان ماتېرىياللارنىڭ توغرىلىقىغا، ئىشەنچلىكلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، تەزكىرىگە ماتېرىيال كىرگۈزۈشتە قايسى كەسىپكە دائىر ماتېرىيال لازىم بولسا ئۇ ماتېرىيال شۇ كەسىپكە مەسئۇل تارماقتىن ياكى شۇ كەسىپنى پىششىق بىلىدىغان كەسىپ ئەھلىلىرىدىن ئېلىنىپ ماتېرىيالنىڭ چىن بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىنىدۇ، چۈنكى ماتېرىيال توغرا بولغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ پايدىلىنىش قىممىتى بولىدۇ، ماتېرىيال توغرا بولسا

(ئاخىرى 64 - بەتتە)

# نۇشىرۋان يائۇشېفنىڭ ساياھىتى ھەققىدە

ئوئىشى شىنئىچىرو (ياپونىيە)

كۆپچىلىككە مەلۇم بولغاندەك، 19 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن 20 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە ئەنگلىيىلىك فورسىسنىڭ ئەلچىلەر ئۆمىكى، روسىيىنىڭ كوروپاتكىن باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈش ئۆمىكى، ياۋروپا- ئامېرىكا ۋە ياپونىيىنىڭ ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى، ساياھەتچىلەر شىنجاڭغا كېلىپ يەرلىك ئۆرپ - ئادەتلەر ھەققىدە كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان خەۋەرلەرنى ئېلان قىلدى. يات دىندىكى بۇ كىشىلەر بۇ يەردىكى ئەھۋاللارنى سوغۇققانلىق بىلەن كۆزەتكەن بولسىمۇ، ئەينى چاغدىكى ئىجتىمائىي ئەھۋاللارنى ئىگىلەشتە چەكلىمىلىكتىن خالىي بولالمىغان.

بۇلاردىن سىرت روسىيە ۋە ئوسمان ئىمپېرىيىسىدىكى تۈرك زىيالىيلىرى ئارىسىدىمۇ تەپسىلىي تەكشۈرۈش دوكلاتى يېزىپ قالدۇرغانلار بار. 1850 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا تەكشۈرۈشكە كەلگەن روسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ قورۇقلۇق ئارمىيە كاپىتانى، شەرقشۇناس قازاق ئالىمى چوقان ۋەلىخانوف؛ 1914 - يىلى ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ «بىرلىك ۋە تەرەققىيات ھەيئىتى» قەشقەرگە ئەۋەتكەن ئۇسۇلى جەدىد ئارقىلىق پانتۈركىزم، پانئىسلامىزمنى كۈچەپ تەشۋىق قىلغان، رودوس ئارىلىدا تۇغۇلغان ئەخمەت كامال① ھەم ئۇفادا تۇغۇلغان تاتار (ۋولگا تاتارلىرىدىن) مۇخبىر نۇشىرۋان يائۇشېفلار شۇلار جۈملىسىدىندۇر.

بۇ كىشىلەر ئىسلام دۇنياسىدا زامانىۋى مەدەنىيەتنى بۇرۇنراق قوبۇل قىلغان رايونلاردىن كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ «قالاق» ئىسلام مۇھىتى ھەققىدىكى كۆزىتىشلىرىنىڭ كۆپ ھاللاردا بىر تەرەپلىمىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلماي بولمايدۇ. ياخشى يېرى، ئۇلارمۇ ئۇيغۇرلارغا ئوخشاشلا تۈركىي تىللىق مۇسۇلمانلاردىن بولغاچقا، يەرلىك خەلقتىن ئۇچۇر ئىگىلەش ناھايىتى ئاسانغا چۈشكەن. ئۇلار جەمئىيەتنىڭ ئىچكى قاتلىمىغا سىڭىپ كىرەلىگەچكە، ئۇيغۇرلار ھەققىدە بەرگەن مەلۇماتلىرىنى ئىشەنچلىك قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىيال دەپ قاراشقا بولىدۇ.

يائۇشېف 1910 - يىللارنىڭ بېشىدىن تارتىپ تاكى 1917 - يىلى 11 - ئايدا تاشكەنتتە مۇساپىرچىلىقتا ۋاپات بولغانغىچە بولغان نەچچە يىل ئارىلىقتا روسىيە تەۋەلىكىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى



جايلىرىنى ساياھەت قىلغاچ، روسىيىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ قەرەللىك گېزىت - ژۇرناللىرىغا ماقالە، ساياھەتنامە ئەۋەتىپ، ئەينى چاغدىكى تۈرك - تاتار جەمئىيىتىدە كەڭ تونۇلغان شەخس بولۇپ قالغان، ئەمما ئۇنىڭ ئۆتكۈر قەلىمىدە جانلانغان گېزىت - ژۇرناللار روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن بولشېۋىكلار تەرىپىدىن «ئەكسىلئىنقىلابچى» ، بۇرژۇئا مىللەتچىلىرى» دېگەن بەتنام بىلەن تەقىپ قىلىنغان، كېيىن كىشىلەر قەلبىدىن ئۆچۈرۈۋېتىلگەن.

بۇ ماقالىدە مەن ئىلىم ساھەسىدە ھازىرغىچە نوشىرۋاننىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن ماقالىلەر ۋە ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن يېزىلغان بىر قىسىم ماقالىلەر ئارقىلىق نوشىرۋان يائۇشېفنىڭ ھاياتىنى تونۇشتۇرىمەن ھەمدە ئۇنىڭ «ئورتاق تۈرك تىلى» غا مۇناسىۋەتلىك بايانلىرىنى② تىلغا ئېلىش بىلەن بىرگە يەنە ئۇنىڭ ئالەمگە مەشھۇر ساياھىتى ھەققىدە توختىلىمەن.

نوشىرۋان يائۇشېفنىڭ يازغانلىرى مېنىڭ تەتقىقات تېمام بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىغا، بولۇپمۇ ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئەھۋالىغا مۇناسىۋەتلىك ناھايىتى قىممەتلىك ئۇچۇرلاردۇر، بۇلار گەرچە يائۇشېفنىڭ سەپەر كەچۈرمىشلىرى ھېسابلانسىمۇ، لېكىن بۇنىڭدىن كېيىنكى تەتقىقاتنى سىلجىتىش ئەھمىيىتىگە ئىگە دەپ قارايمەن.

### 1. ئوتتۇرا ئاسىياغا سەپەر

يائۇشېف ئۇفا (ھازىرقى باشقىرتىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى) ۋىلايىتىنىڭ بەرىبەي ناھىيە، بوغادى يېزا، مىنتال كەنتىدىكى ئوتتۇن كۆمۈرى ساتىدىغان شىرىيەزدان ئەخمەت ئوغلى يائۇشېف ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. تۇغۇلغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس، 1880 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تۇغۇلغان بولسا كېرەك. مىنتال كەنتى ئاقسۆڭەكلەر رايونى بولسىمۇ، يائۇشېفنىڭ ئائىلىسى ئانچە باياشات ئەمەس ئىدى. يائۇشېف سەككىز يېشىدىن 11 يېشىغىچە مىنتال كەنتىدىن ئۈچ، تۆت كىلومېتىر كېلىدىغان ئۇرازايباش كەنتىدىكى ئاتاۋۇللا سادەتۇللا ئوغلى ئاچقان مەكتەپ (قۇرئان كەرىم يادلاشنى ئاساس قىلىدىغان، مەسچىتلەرنىڭ ھوجرىلىرىدا ئېچىلغان باشلانغۇچ مەكتەپ) تە ئوقۇغاندىن كېيىن، 1907 - يىلى شەيخۇللا شەرىبېكوف ئىسىملىك ئىمامدا ئوقۇغان. بۇ ئىمامنىڭ ئېيتىشىچە، ئەينى چاغدىكى يائۇشېف «ئۈچىسىغا كونىچە تىكىلگەن پەشمەت، پۇتىغا پايپاق بىلەن چورۇق كىيگەن كەمبەغەل كىيىمى» بىلەن بولۇپ، «بۇخاراغا بارايمۇ - تۈركىيىگىمۇ؟ ئاللا مەدەت بەرمىسە مېنىڭ خىراجەت قىلغۇدەك ھېچنىمەم يوق» دەپ ئىمامدىن مەسلىھەت سورىغانىكەن. ئىمام ئۇنىڭغا ئورېنبورگدىكى ھۈسەينىيە مەدرىسىدە ئىلىم تەھسىل قىلىڭ، دەپ مەسلىھەت بەرگەن، بىراق يائۇشېف ھۈسەينىيە مەدرىسىگە بارماستىن ئۇفادا ئېچىلغىنىغا ئۇزۇن بولمىغان ئالىيە مەدرىسىگە كىرگەن.

ئالىيە مەدرىسى 1906 - يىلى 10 - ئايدا ئۇفا شەھەرلىك 3 - مەسچىتىنىڭ ئىمامى زىرىپ ئەپەندى، زىيائىدىن كامالى قاتارلىق بايلارنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمىدە ئېچىلغان بولۇپ، مەكتەپتە ئىستانبۇل،

قاھىرەلەردە تەلىم ئالغان مۇدەررىسلەردىنى ئىلىملەردىنلا ئەمەس، پېداگوگىكا، تارىخ، جۇغراپىيە، ماتىماتىكا، ئاسترونومىيە، ئالگېبرا، خىمىيە دەرسلىرىنى ئۆتەتتى، شۇڭا بۇ مەكتەپ ئەينى دەۋردە ھۇسەينىيە، قازاندىكى مۇھەممەدىيە مەدرىسلىرى بىلەن باراۋەر مېڭىپ، يېڭىچە ئۇسۇلدا ئوقۇتۇش ئېلىپ بارغان مەكتەپ سانىلاتتى. مەكتەپ ئېچىلغاندا بىر ئالىي كۇرس بىلەن ئىككى تەييارلىق كۇرسى ئېچىلغان بولۇپ، جەمئىي 82 ئوقۇغۇچىسى بار ئىدى. كېيىنكى يىلى 10 - ئايدا يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن پار، سۇ تۇرۇبىسى قاتارلىق ئەڭ ئىلغار ئەسلىھەلەر سەپلەنگەن ئۈچ قەۋەتلىك، كاھىشتا سېلىنغان مەكتەپ ياتىقى پۈتۈپ، يېڭى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەھرىمەن بولۇشىغا بېرىلگەن③. ئۇزۇن ئۆتمەي يائۇشېفمۇ بۇ مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرگەن.

يائۇشېف ئالىيە مەدرىسىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، شاھادەتنامىنى كۆتۈرۈپ، ئاۋۋال ئۇفانىڭ جەنۇبىدىكى بىپايان كەتكەن قازاق يايلىقىغا كىرگەن، ئۇزۇن ئۆتمەي قازاق پەرزەنتلىرىنى ئاساس قىلغان مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا سەپىرىنى باشلىغان مەزگىلى ئېنىق بولمىسىمۇ، مۆلچەرلىشىمچە ئۇنىڭ «تۈركىستاننىڭ دېھقانچىلىقى» ناملىق تۇنجى خەۋىرى «ۋاقىت» گېزىتىنىڭ 1912- يىل 6 - ئاينىڭ 10 - كۈندىكى سانىغا بېسىلغان. شۇنىڭغا قارىغاندا ئۇ مۇشۇنىڭدىن سەل بۇرۇن ئوتتۇرا ئاسىياغا قەدەم باسقان.

ئەينى چاغدا كۆپ سانلىق ئىلغار تاتار زىيالىيلىرى جەدىتچىلىك ھەرىكىتى بىلەن تۈرك مىللەتچىلىكىنىڭ تەسىرىگە كۈچلۈك ئۇچرىغان. 1884 - يىلى قىرىم تاتارلىرىنىڭ مەرىپەتپەرۋەر مۇتەپەككۇرى ئىسمائىل غاسپىرالى رۇسلارنىڭ ئاسسىمىلياتسىيىلەشتۈرۈش سىياسىتىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئەنئەنىۋى ئىسلام جەمئىيىتىنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن يۇرتى باغچا سارايدا دىنىي دەرسلەرگە پەننىي دەرسلەرنى بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇتۇش ئېلىپ بارىدىغان باشلانغۇچ مەكتەپ ئاچقان. بۇ مەكتەپتە يولغا قويۇلغان يېڭىچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ( ئۇسۇلى جەدىد ) نى قوللىغۇچىلار جەدىتچىلىك ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىپ، ئۆز تەسىرىنى روسىيە تەۋەسىگىلا ئەمەس، ئوسمان ئىمپېرىيىسى تەۋەلىكىدىكى تۈرك مۇسۇلمانلىرى ئارىسىغىمۇ تېز سۈرئەتتە كېڭەيتكەن. غاسپىرالى ئوتتۇرىغا قويغان بارلىق تۈركىي خەلقلەر چۈشىنەلەيدىغان «ئورتاق تۈركىي تىل» غايىسى جەدىتچىلەرنىڭ تۈركلۈك ئېڭىنى ئويغاتقان ④.

يائۇشېفمۇ جەدىتچىلەرنىڭ بىرى، ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا سەپەر قىلىش ئىرادىسىمۇ تۈرك مىللەتچىلىكىنىڭ تەسىرىدىن خالىي ئەمەس ئىدى. «بىز ئۇلۇغلىغان تۈرك يەرلىرىنىڭ مۇكەممەل تارىخى يېزىلغانلىقى ئەزەلدىن مەلۇم ئەمەس، تاتار تارىخى، ئوسمانلى تارىخى، قىرىم، كاۋكاز تارىخى دېگەندەك ئايرىم ئاددىي تارىخلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئومۇمىي تارىخىغا ئائىت بىرمۇ كىتاب يوق» دەپ زارلانغان يائۇشېف ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئومۇمىي تارىخى يەنى

پۈتكۈل تۈركلەرنىڭ تارىخىنى يېزىپ چىقىشنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات بۇرچى دەپ ھېسابلىغان. ئوتتۇرا ئاسىيانى ساياھەت قىلىش مەقسىتىمۇ زۆرۈر بولغان تارىخىي ماتېرىياللارنى يىغىش ھەم تارىخىي ئاسار-ئەتىقىلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش ئىدى.

ياۋۇشېۋ تۈركىستان گېنېرال گۇبېرناتورلۇقى تۇرۇشلۇق تاشكەنت، تۆمۈرىيلەر ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى سەمەرقەنت، شەرقتىكى ئەڭ ئەنئەنىۋى ئىسلام مائارىپى مەركىزى بۇخارا قاتارلىق جايلارنى زىيارەت قىلغان. زىيارەت جەريانىدا سەمەرقەنتتە تۇرغان ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن بولۇپ، كۇتۇپخانىلارنى ئارىلىغان، مەدرىسلەرنىڭ مۇدەررىسلىرى ۋە تالىپلىرى بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق بىلىمىنى چوڭقۇرلاشتۇرغاچ، ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللاردا كۆپ قوللىنىلىدىغان تىل — پارس تىلىنى ئۆگىنىۋېلىشقا تىرىشقان. شۇنىڭدىن باشلاپ مۇخبىرلىق پائالىيىتىگىمۇ رەسمىي كىرىشكەن. بۇ دەل روسىيىگە قاراشلىق ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ نەشرىياتچىلىق پائالىيىتى تازا گۈللىنىۋاتقان مەزگىل ئىدى. سەمەرقەنتتە جەدىتچى ئۆلىما، جەدىتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ رەھبىرى بولۇپ تونۇلغان مەھمۇت ھاجى بەھبۇدى 1913 - يىل 4 - ئايدا «سەمەر-قەنت» گېزىتى، يەنە 8 - ئايدا «ئايىنە» ژۇرنىلىنى چىقارغان؛ 1914 - يىلى تاشكەنتتە «سادايى تۈركىستان» ژۇرنىلى بىلەن قوقاندا «سادايى پەرغانە» ژۇرنىلىنى نەشر قىلغان. ياۋۇشېۋ بۇ گېزىت-ژۇرناللارغا مەرىپەتپەرۋەرلىك روھىدىكى تۈرلۈك ماقالىلەرنى ئەۋەتكەن⑤. ياۋۇشېۋ يەنە «سەمەرقەنت» گېزىتى نەشر قىلىنىشنىڭ ئالدىدا مەھمۇت ھاجى بەھبۇدى بىلەن كۆرۈشۈپ پىكىرلەشكەن. ياۋۇشېۋ زىيارەت خاتىرىسىنىڭ مەزمۇنىنى قازاندا چىقىدىغان «قۇياش» گېزىتىگە ئەۋەتىپ تۇرغان. شۇنىڭدىن كېيىن ياۋۇشېۋ «قۇياش» گېزىتىنىڭ مۇخبىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن بىر يىلدەك ۋاقىت ئىچىدە 20 پارچىغا يېقىن ماقالە يازغان.

1914 - يىلى 4 - ئايدا سەمەرقەنتتە زىيارەتتە بولغان بۇخارالىق بىر مۇدەررىسنىڭ ئەسلەپ بېرىشىچە، ياۋۇشېۋ تاتار گېزىتلىرىنىڭ ئاۋانگارت مۇخبىرى، پانئىسلامىزمنى تەشۋىق قىلىش بىلەن نام چىقارغان ئابدۇلرەشىد ئىبراھىمنىڭ «دۇنياغا ساياھەت»⑥ دېگەن كىتابىنىڭ تەسىرىگە قاتتىق ئۇچراپ، ئۆزىمۇ ئاشۇنداق بىر ئەھمىيەتلىك ساياھەت قىلىشنىڭ تەييارلىقىغا چۈشكەن. بۇ مۇدەررىس سەمەرقەنتتە ياۋۇشېۋقا دۇنياغا ساياھەت قىلىشنىڭ تەسلىكىنى چۈشەندۈرۈپ، «ئىبراھىم زىيارىتى» قىلماي، ئۇيغۇرلار يۇرتىغا بېرىشقا نەسىھەت قىلغان..

## 2. ئۇيغۇرلار يۇرتىغا سەپەر

ياۋۇشېۋ 1914 - يىلى 4 - ئاينىڭ 23-كۈنى سەھەردە پويىز بىلەن سەمەرقەنتتىن قوقانغا ئاتلانغان. قوقاندىن ئەۋەتىلگەن خەۋەرنىڭ ئەڭ ئاخىرىغا «قۇياش» گېزىتىنىڭ مۇخبىرلىقىدىن ئىستىپا بەرگەنلىكى ئەسكەرتىلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن قانداق مۇساپىلەرنى بېسىپ ئۆتكەنلىكى ئېنىق بولمىسىمۇ، ئىلى ئارقىلىق جۇڭگو تەۋەلىكىگە كىرىپ، رۇزا

ھېيتتا (1914 - يىل 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە) تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى شىخۇ بىلەن ماناسنىڭ ئارىلىقىدىكى كەنتلەردىن ئۆتۈپ، قۇربان ھېيتتا (1914 - يىل 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە) كۇچاغا يېتىپ كەلگەن. 1915 - يىلدىن باشلاپ ئورىنبورگدا نەشر قىلىنىۋاتقان «ۋاقىت» گېزىتىنىڭ مۇخبىرى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن مۇخبىرلىق پائالىيىتىنى قايتا باشلىغان. «ۋاقىت» گېزىتى ئىدارىسىدىن ئايدا ئىككى سان چىقىدىغان «شۇرا» ژۇرنىلىدىمۇ ھەر ساندا دېگىدەك ماقالە ۋە سەپەر خاتىرىلىرىنى ئېلان قىلىپ تۇرغان. «ۋاقىت» گېزىتى بىلەن «شۇرا» ژۇرنىلى روسىيە تەۋەسىدىلا ئەمەس، ئۇيغۇر زىيالىيلىرىمۇ سۆيۈپ ئوقۇيدىغان، روسىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ ۋەكىللىك نەشر ئەپكارلىرى ئىدى. بۇنداق كۆپلىگەن خەۋەرلەرنى يېزىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن ياۋۇشېۋ ئالدىنقى قاتاردىكى مۇخبىر دەپ قارالغان.

ئەمدى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ياۋۇشېفنىڭ نەزىرىدە قانداق ئەكس ئەتتۈرۈلگىنىگە نەزەر سالايلى: ئۇ «تۈركلەرنىڭ يۇرتى» بولمىش ئوتتۇرا ئاسىياغا نىسبەتەن بىر خىل زوقلىنىش ھېسسىياتىدا بولغان. شۇڭا ئوتتۇرا ئاسىياغىلا ئەمەس، ئۇيغۇرلار رايونىغىمۇ شۇنداق مېھرى - مۇھەببەت بىلەن قارىغان. ئۇ كۇچاغا يېتىپ كەلگەندە «چىنى تۈركىستان تۈركلىرىگە رەھمەت ئېيتمىسام بولمايدۇ، ئۇلار ئۆزىنىڭ تىل، ئۆرپ - ئادىتىگە زوقلىنىدىكەن، دورامچى ئەمەسكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلاردا تۈركىي تىل ۋە تۈرك ئادەتلىرى تولىمۇ ياخشى ساقلىنىۋېتىپتۇ» دەپ بايان قىلغان. بىراق ئۇنىڭ ئەكسىچە يەنە قاششاق ئەنئەنىگە جاھىللىق بىلەن ئېسىلىۋېلىش ئەھۋالىنىمۇ كۆرگەن. كۆز ئالدىدىكى رېئاللىق يەنى جەنۇبتىكى ئالتە شەھەر دەپ ئاتىلىدىغان بوستانلىقلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى ئۇنى قاتتىق ئۈمىدسىزلەندۈرگەن. ياۋۇشېۋ جەمئىيەتتىكى قاششاقلىق، نادانلىقنىڭ ئەۋج ئېلىپ، نومۇسنى سېتىش، قىمار ئويناش، مەيخورلۇق، سوپىلىق، شامانچە ئۆرپ - ئادەت قاتارلىقلارنى سۆككەن. بىراق ئۇ چىقىمچىلىق ۋە تۆھمەت زەربىسىگە ئۇچرىغانلىقتىن ئۇيغۇر جەمئىيىتى ھەققىدىكى ئاچچىق تەنقىتلىرىنى قايتا داۋاملاشتۇرالماي قالغان.

ئۇ دىنىي ئىشلاردا پۈتۈنلەي تەرتىپسىز، قالايمىقانچىلىقتا تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇرلارنى «مەھكىمە شەرئىي» قۇرۇپ ئىدارە قىلىش زۆرۈرلۈكىنى تىلغا ئالغان. بۇ خەۋەر ئىسمائىل غاسپىرالىنىڭ يۇرتى باغچا سارايدا تەسىس قىلىنغان «تەرجۇمان» گېزىتى (1915 - يىل 5 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىكى سانى) نىڭ بىرىنچى بېتىگە بېسىلغان. بۇنىڭدىن بۇ خەۋەرنىڭ تاتار زىيالىيلىرى ئىچىدە يۇقىرى باھاغا ئېرىشكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ. ئەمما ئۇيغۇرلاردا بۇنىڭغا قارىتا ھېچقانداق ئىنكاس بولمىغان. ئۇ يەنە بىر جەدىتچى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن باشلانغۇچ مائارىپنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشىنىپ يەتكەچكە، كۇچا ئۇيغۇرلىرىغىمۇ يېڭىچە مائارىپنىڭ ئەھمىيىتىنى كۈچەپ

چۈشەندۈرۈپ، ئەمەلىي مىسال تەرىقىسىدە، ئۆزى شەخسەن 40 ـ 50 بالىنى يىغىپ مەكتەپ ئاچقان، قەلەم ـ قەغەزلەرنى ھەقسىز تارقىتىپ بەرگەن. ئوقۇتۇش بىرەر ئاي داۋاملاشقاندىن كېيىن، بىر قىسىم ئاتا-ئانىلار خەنزۇ تىلىنى ئۆگەنسۇن دېگەن باھانە بىلەن بالىلىرىنى مەكتەپتىن چىقىرىۋالغان بولسىمۇ، قېلىپ قالغان بەش-ئالتە ياشلىق بالىلار «تۈركىي تىلى» ئۆگىنىپ تەلەپپۇز ۋە ئىملا قائىدىسى بويىچە خەت يېزىشنى ئۆگەنگەن. بىراق نوشىرۋان يائۇشېفنىڭ قىسقا ۋاقىتتا ئازغىنە ئوقۇغۇچى بىلەن كۆزگە كۆرۈنگىدەك نەتىجە قازىنالمىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ.

1915 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى كۇچادىن ئاتلىق يولغا چىققان يائۇشېف تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىنى بويلاپ غەربكە قاراپ مېڭىپ ئاقسۇ، مارالبېشى، پەيزاۋاتلاردىن ئۆتۈپ، 4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن. ئۇ يەردە ئەسلى ساياھىتىنىڭ مەقسىدى بولمىش تارىخىي ماتېرىياللارنى يىغىش، بولۇپمۇ «تارىخىي رەشىدى» نىڭ قوليازمىسىنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن بىر مەزگىل تۇرغان بولسىمۇ، ساقلىنىۋاتقان تارىخىي كىتابلارنىڭ كۆپىنچىسى پۈتۈنلەي دېگۈدەك «خۇراپىيلىق ۋە توقۇلمىلار بىلەن تولغان خوجا ـ ئىشانلار تەزكىرىلىرى بولغاچقا، يائۇشېف ئۈچۈن ناھايىتى ئەھمىيەتسىز كىتابلار بولۇپ چىققان.

قەشقەردە يېڭىچە مائارىپنىڭ ئاۋانگارتى بولمىش ئىلغار پىكىرلىك ئۆلىما ئابدۇقادىر داموللا بىلەن مۇڭداشقان پۇرسەتتە «ساپ تۈرك تىلى» دا يېزىلغان «قۇتادغۇبىلىك» قوليازمىسىنىڭ ئىنگلىز سەيياھلار تەرىپىدىن ئېلىپ كېتىلگەنلىكىنى ئاڭلىغان يائۇشېف ناھايىتى بىئارام بولغان.

قەشقەردىكى ئىسلام ئېتىقادى ئەھۋالى ھەققىدىمۇ كۇچادىكىگە ئوخشاش ھېسسىياتتا بولۇپ، كۆڭلى قاتتىق غەش بولغان، بىراق، قەشقەردە ئىسلاھات سىناق قىلىنغان. 1907 ـ يىلى ئابدۇقادىر داموللام قەشقەردە تۇنجى يېڭىچە مەكتەپ ئاچقان بولسىمۇ، ئاران ئىككى، ئۈچ يىلچە داۋاملاشقان. 1914 ـ يىلى ئۈستۈن ئاتۇشتا، مۇسابايېفلارنىڭ ياردىمىدە ئەخمەت كامال «دارىلمۇئەللىمىن ئىتتىھاد» نى قۇرۇپ، يېڭىچە مائارىپ ئۇسۇلى بويىچە تەلىم ـ تەربىيىنى باشلىغان. يائۇشېف قەشقەرنى زىيارەت قىلغان مەزگىلدە، بۇ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار قەشقەردە ئىككى ئورۇندا باشلانغۇچ مەكتەپ ئېچىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقانىكەن. ئۇ قەشقەردىكى ئۆزگىرىشلەردىن مەمنۇن بولۇپ: «بۇلتۇر يېڭىچە مائارىپنى چەكلەپ، جەدىتچىلەرنى ‹كافىر› دەپ ئاتىغان قەشقەرنىڭ داموللىلىرى بۇ يىل ھەممىسى ئۆزگىرىپتۇ، يېڭىچە مائارىپقا قارشى تۇرغۇچىلارمۇ بۇنداق قالتىس نەتىجىلەرنى كۆرۈپ ئۆز ياردەملىرىنى ئاتاپتۇ» ⑦ دەپ يازىدۇ.

1915 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى قەشقەردىن ئاتلانغان يائۇشېف يېڭىسار، قىزىل، ئاقراباتتىن ئۆتۈپ 19 ـ كۈنى يەكەنگە يېتىپ كەلگەن، يەكەندە بىر ئايدىن ئارتۇقراق تۇرغان. 9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى يەنە ئاتلىنىپ قاغىلىق، گۇمىلاردىن ئۆتۈپ

10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى خوتەنگە يېتىپ كەلگەن. ئۇ ئۇزۇندىن بېرى خىيال قىلىپ كەلگەن تارىخىي ماتېرىياللارنى قولغا چۈشۈرەلمىگەن، خوتەن قاراقاشلىق ئەيسا قازى دېگەن كىشىدىن ئارىيەت ئالغان كىتابلار ئىچىدە ئەركەبەگخانىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن شاھ مەھمۇت بىننى مىرزا فازىل چوراس يازغان بىر تارىخىي ئەسەر بار ئىدى. يائۇشېف بۇ ئەسەرنى تاتارچىغا تەرجىمە قىلىپ «شۇرا» ژۇرنىلىدا «ئالتە شەھەر تارىخىدىن بىر پارچە» دېگەن تېمىدا ئېلان قىلىدۇ. يەنە ئەينى چاغدا خوتەندىمۇ يېڭىچە مەكتەپلەر تېمىسىدا پاراڭلار بولۇۋاتقانىدى، بىر يىلنىڭ ئالدىدا خوتەندە ئېچىلغان يېڭىچە مەكتەپ مەبلەغ يېتىشمىگەنلىكى ئۈچۈن تاقىلىپ قېلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان، قەشقەردىن كەلگەن مۇھەممەد ئىبنى ئىنايىتۇللا 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى خوتەندىكى تەسىرى زور كىشىلەرنى يىغىپ، ئۇلارغا يېڭىچە مائارىپنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنى مەكتەپنى داۋاملاشتۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلغان.

شۇ مەزگىلدىكى «ۋاقىت» گېزىتى بىلەن «شۇرا» ژۇرنىلىدىكى خەۋەرلەردىن قارىغاندا، يائۇشېفنىڭ نامى ئۇيغۇرلارغا تونۇلغان دەپ قىياس قىلىشقا بولىدۇ. ئۇ 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى خوتەندىن يولغا چىقىپ 9 - كۈنى كېرىيىگە يېتىپ كەلگەندە، ئۇنىڭ سەپەرداشى بولغان كېرىيىلىك سودىگەر قاسىم ھاجى قارشى ئالغان، ئۇ قاسىم ھاجىنىڭ ئوغلى تۇرسۇن ئاخۇنغا 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى مەكتەپ ئاچقۇزغان، ئۆزى يېڭىچە مەكتەپنىڭ ۋاقىتلىق مۇۋەققەت ئوقۇتقۇچىلىقىغا قوبۇل قىلىنىپ، ئىككى، ئۈچ ئاي ئون نەچچە ئوقۇغۇچىغا «تۈركىي تىل»دا ئوقۇپ، يېزىشنى ئۆگەتكەن.

1916 - يىلى بىر يىلنى خوتەن بىلەن كېرىيىدە ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئەسلى كەلگەن يولى بىلەن 1917 - يىلنىڭ بېشىدا قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن، ھەممە سەپەر تەييارلىقى پۈتسىلا يەنە تىبەت ئارقىلىق ھىندىستانغىچە بېرىپ ساياھەت قىلىش ئويىدا بولغان. بىراق، قەشقەرگە تۇيۇقسىز روسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاغدۇرۇلۇپ، فېۋرال ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە قىلغانلىق خەۋىرى يېتىپ كەلگەن. ئۇ قەشقەردە كۆرگەن «ۋاقىت» گېزىتىگە ئىنقىلابتىن كېيىنكى روسىيە ۋەزىيىتى خەۋەر قىلىنغانىدى. ئوتتۇرا ئاسىيادا گېنېرال گۇبېرناتورنىڭ پىكىر ئەركىنلىكىگە بولغان مۇستەبىتلىكى يوقىلىش بىلەن بىرگە نۇرغۇن سىياسىي، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار قۇرۇلغان، يېڭىدىن گېزىت - ژۇرناللار نەشر قىلىنغانىدى. 3 - ئايغا كەلگەندە، جەدىتچىلەرنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان «شۇرائى ئىسلام» دېگەن ئاپتونومىيە ھەرىكىتى تەشكىلاتىمۇ قۇرۇلغان⑧. يائۇشېف سەپەرنى بىردىن توختىتىپ، يۇرتى روسىيىدىكى «ئىنقىلاب ۋە ئەركىنلىك»نى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن، 4 - ئايدا قەشقەردىن يولغا چىقىپ روسىيە تەۋەسىگە كىرگەن. ئوش، ئەنجان، قوقانلاردىن ئۆتۈپ، 5 - ئاينىڭ 3 - كۈنى تاشكەنتكە يېتىپ كەلگەن.

بىراق، شىنجاڭغا سەپەر قىلىپ قايتىپ كەلگەن يائۇشېفقا تاشكەنتتىكى تاتارلار سوغۇق مۇئامىلىدە بولغان،

«شۇرائى ئىسلام»مۇ يولباشچىلارنىڭ يېتىشمەسلىكى، مۇتەئەسسىپلەر بىلەن سوركىلىش قاتارلىق نۇرغۇن قىيىنچىلىقلار ئىچىدە تۇرغاچقا، پائالىيىتىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس ئىدى. يائۇشېف ئۇلارغا بولغان ئۈمىدسىزلىكىنى يوشۇرالمىغان. شۇڭا ئۇ تاشكەنتتىن تېزلا ئايرىلىپ سەپەرنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ تەييارلىقىدا بولغان.

ئەپسۇسكى، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي يەنى 11 - ئاينىڭ 23 - كۈنى يائۇشېف تاشكەنتتە بىمەزگىل 30 يېشىدا ۋاپات بولغان، ئۇنىڭ تويۇقسىز ۋاپات بولغانلىق مۇسىبەت خەۋىرى تارقالغاندا «شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى رىزائىددىن ئىبنى پەخرىدىن يائۇشېفنىڭ تالانتىغا ئېچىنىپ: ئۇنىڭ خەۋەرلىرى ۋە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى «سەپەر خاتىرىسى» شەكلىدە رەتلەپ نەشر قىلىپ تارقىتىش زۆرۈر. ئەگەر ئۇنىڭ ئائىلە - بۇرادەرلىرى، زامانداشلىرى ئۇنىڭ پۈتۈن ئەسەرلىرىنى يىغىپ نەشر قىلسا قالتىس ئىش بولاتتى دەپ چاقىرىق قىلغان، بىراق، ئىنقىلابتىن كېيىنكى ۋەزىيەت شۇنداق قىلىشقا يار بەرمىگەن.

**خاتىمە ئورنىدا**

يائۇشېف پائالىيەت ئېلىپ بارغان 1910 - يىللار روسىيە ۋە ئوسمان ئىمپېرىيىسىدىكى تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدىلا ئەمەس، شىنجاڭدىمۇ جەدىتچىلىك ھەرىكىتى تازا جانلانغان مەزگىللەر ئىدى. يائۇشېف كۈچا بىلەن كېرىيەدە ئۆزى يېڭىچە مەكتەپ ئېچىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشتىن سىرت قەشقەر، خوتەنلەردە يەرلىك جەدىتچىلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇلارنىڭ پائالىيىتىنى گېزىت - ژۇرنال يۈزىدە ماختىغانلىقىغا قارىغاندا، ئۇ جەدىتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ ئومۇملىشىشىغا تۆھپە قوشقان. بۇ ماقالىدا ئۇنىڭ پائالىيىتىنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى ھەققىدە ئەمەلىي پاكىتلار كۆرسىتىلمىگەن بولسىمۇ، تۆۋەندىكى بىرقانچە ئېھتىماللىقنى ئەسلەتمە قىلىپ ماقالەمنى ئاخىرلاشتۇرماقچىمەن.

قەشقەردىكى مۇتەئەسسىپ دىنىي كۈچلەر جەدىتچىلەر بىلەن دۈشمەنلەشكەن، بۇ خىل قارشىلىشىش ئاقىۋەتتە ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ جەدىتچىلەرنى باستۇرۇشىغا سەۋەب بولغان. شۇڭا جەدىتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ قىيىنلىقى ھەمدە جۇڭگودا ئىسلاھات ۋە مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ چەكلىمىگە ئۇچرايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەن كىشىلەر تازا جانلىنىۋاتقان مىللەتچىلىك ھەرىكىتىگە يۈزلەنگەن. بۇ ھەرىكەت 1933 - يىلى قەشقەردە تىكلەنگەن «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» بىلەن نەتىجىلەنگەن. قەشقەردىكى جەدىتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ يېتەكچىلىرىنىڭ بىرى بولغان، 1920 - يىللاردا ئۆزبېكستان-دا ۋاپات بولغان ھاجى ئەلى «ۋاقىت» گېزىتىگە ئەۋەتكەن ماقالىسىدا «ئۆتمۈشتە ئىلىم ۋە مەدەنىيەتنىڭ مەركىزى بولغان ئانا يۇرتۇم نۇرسىز، يولسىز، سۇسىز قېلىپ خارابىلىشىۋاتىدۇ» دەپ يۇرتىدىكى جاھالەتتىن زارلىغان⑨. «ئۇ ۋاقىت» گېزىتىگە ماقالە ئەۋەتكەن⑩ ئىكەن، ئەلۋەتتە يائۇشېفنىڭ خەۋەرلىرىنىمۇ كۆرگەن بولسا كېرەك.

يائۇشېفنىڭ خەۋەرلىرىدە ئىشلىتىلگەن

روسىيە تۈركلىرىنىڭ نەشر ئەپكارىدا قوللىنىلغان جۇغراپىيىلىك ئۇقۇم ۋە مىللەتناملىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئۆزلۈكىنى شەكىللەندۈرۈشكە قانداق تەسىر كۆرسەتكەن، دېگەن مەسىلىگە كەلسەك:

غەربلىكلەرنىڭ ماقالىلىرىدىكى «ش ت» دېگەن سۆز جۇغراپىيىۋى ئۇقۇم سۈپىتىدە قوللىنىلغان، بۇ ئىسىم ئۇيغۇرلارغا سىرتتىن كىرگەن، بۇ ئاتالغۇنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىغا سىڭىشى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئىش⑪. بۇ سۆز يەنە تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى جايلارنى كۆرسەتكەن، ھازىر ئۇيغۇرلاردىكى «ئالتە شەھەر» دېگەن ئۇقۇم بەزىدە «يەتتە شەھەر»، «سەككىز شەھەر» دېگەن ئۇقۇملارغا ئالمىشىپ تۇرىدۇ. مەزكۇر بوستانلىق شەھەرلىرى قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇدەك چوڭ شەھەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالسىمۇ، ئۈچتۇرپان، يېڭىسارەك كىچىك شەھەرلەرنى چوقۇم ئۆز ئىچىگە ئېلىش - ئالماسلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولمايدۇ.

ئابدۇقادىر داموللا 1915 يىلى «شۇرا» ژۇرنىلىغا ئەۋەتكەن ماقالىسىدا «بىزنىڭ قوشنىلىرىمىز، شەرقتە ئاقسۇلۇقلار، خىتايلار، شىمالدا قىرغىزلار، جەنۇبتا تىبەتلەر، غەربتە بۇرۇندىن باشلاپ بىزلەرگە ئۇستاز بولۇپ، دىن ۋە مەدەنىيەت ئۆگەتكەن پەرغانە ۋە بىزنىڭ ئەڭ مۇقەددەس مەدەنىيەتگاھىمىز بۇخارائى شېرىپدۇر» ⑫ دەپ بايان قىلغان، قەشقەردە تۇغۇلغان ئابدۇقادىر داموللا ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئوخشاشلا «ئالتە شەھەر»نىڭ بىرى بولغان ئاقسۇ ئاھالىسى «قوشنا»لىقنىڭ نېرىسىغا ئۆتەلمىگەن. بەلكىم ئەينى چاغدىكى كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا «ئالتە شەھەر»، «ش ت» دېگەن ئاتالغۇلار ئۇلار ياشاۋاتقان بوستانلىقلار دائىرىسىدىن كەڭرەك جۇغراپىيىۋى ئۇقۇم مەنىسىنى بېرەلمىگەن.

بىراق، كېيىنچە ئۇلار «ش ت» دېگەن ئۇقۇمنى ئاكتىپلىق بىلەن قوبۇل قىلغان. ياغۇشېف «ش ت» دېگەن سۆزنى ئانچە ئىشلەتمىگەن. كۆپ ئورۇندا «چىنى تۈركىستان» يەنى جۇڭگو تەۋەلىكىدىكى تۈركىستان دېگەن ئاتالغۇنى ئىشلەتكەن، ئۇ يازغان ماقالىلەرنى ئوقۇغان يەرلىك ئۇيغۇرلار بۇ يات ئاتالغۇنى غەلىتىلىك ھېس قىلغان بولسىمۇ، ئىشقىلىپ ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان زېمىننىڭ «چىنى تۈركىستان»، «ش ت»، «تۈركىستان» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئاتىلىدىغانلىقىنى بىلگەن بولسا كېرەك. ئاشۇ جۇغراپىيىۋى ئۇقۇم دائىرىسىدە تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇر قېرىنداشلار-نى قوللاپ شۇنداق ئاتىغاندا، ئۇلاردا شۇنىڭغا مۇناسىپ جۇغراپىيىۋى ئۇقۇمنىڭ بولماسلىقى ۋە «ش ت» ئاتالغۇسىنى دۆلەت نامى سۈپىتىدە ئىشلەتكەنلىكىنى ھەرقانچە قىلىپمۇ چۈشەنگىلى بولمايدۇ. ھازىر بۇ ئاتالغۇنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىغا ئۆزلىشىش جەريانىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش شىنجاڭنىڭ يېقىنقى، ھازىرقى زامان تارىخى، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ھەرىكىتىنى چۈشىنىش قىلىپ ئويلاش مۇھىم ئىدى.

---

ئىزاھلار:

① ساۋادا مىنورونىڭ چوقان ۋەلىخانوفنىڭ تەكشۈرۈش سەپىرىنىڭ جەريانى تونۇشتۇرۇلغان «يەتتە

سۇدىن قەشقەرگىچە» دېگەن ماقالىسى (تاكى زاۋايام ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يىللىق ئىلمىي ژۇرنىلى، ئومۇمىي 41 - سان. ئەخمەت كامال ھەيبىزادىنىڭ پائالىيىتى ھەققىدە ئوگىشىنىڭ «قەشقەردىكى جەدىتچىلىك ھەرىكىتى - مۇساباي جەمەتى ۋە يېڭىچە مائارىپ» دېگەن ماقالىسىغا قاراڭ.

② سېرگېي زېنكوۋسكى: «روسىيەدىكى پانتۈركىزم ۋە پانئىسلامىزم»، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى 1967 - يىلى ئىنگلىزچە نەشرى، 114 -، 115 - بەتلەر؛ ئېدۋارد ئالۋورس: «قىرىم تاتارلىرىنىڭ ھاياتلىق كۈرىشى».

③ ئالىيە مەدرىسىسىنى پۈتتۈرگەن كۆپ سانلىق ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچى بولۇپ، قازاقىستان، ئوتتۇرا ئاسىياغا ئەۋەتىلگەن. يائۇشېۋ ئوتتۇرا ئاسىيانى ساياھەت قىلغان چاغدا بىرقانچە شەھەردە تەلىم-تەربىيە پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان، ئۆرۈمچىدىكى تاتارلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئۈچۈن تەرتىپ مۇدىرلىق ۋەزىپىسى ئۆتەۋاتقان زىننەتۇللا ئەپەندى جىگىتبايمۇ ئالىيە مەدرىسىسىنى پۈتتۈرگەن.

④ كوماسى ھىروئو: «ئىنقىلابىي ئوتتۇرا ئاسىيا - جەدىتچىنىڭ پورترېتى» توكيو ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1996 - يىل نەشرى، 56 - 59 - بەتلەر.

⑤ بۇلار روسىيە تەۋەلىكىدىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ نەشر ئەپكارى بولۇپ، مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن «ئاينە» دۇر. «ئاينە» دىكى ماقالىلاردا يائۇشېفنىڭ ئىسمى ئېنىق يېزىلمىغان، پەقەت n.y دېگەن ئىككىلا ھەرپ يېزىلغان، بىراق n ھەرپىنىڭ ئالدىغا سەيياھ سۆزى قوشۇلغانلىقى ھەمدە ماقالىنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا يائۇشېۋ ئىكەنلىكىنى ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ.

⑥ ئىبراھىم 1907 - يىلىنىڭ ئاخىرى ئوتتۇرا ئاسىيا ساياھىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، 1908 - يىلى 9 - ئاينىڭ ئاخىرى قايتا قازاندىن يولغا چىقىپ سىبىرىيە، موڭغۇلىيە، مانجۇرىيە، ياپونىيە، كورېيە، جۇڭگو، سىنگاپور، ھىندونوزىيە، ھىندىستان، ئەرەب يېرىم ئارىلىغىچە ساياھەت قىلغان. بۇ ھەقتە ئابدۇرېشىت ئىبراھىم يازغان «ياپونىيە - روسىيە تۈركلىرىنىڭ نەزەرىدىكى ياپونىيىنىڭ مېيجى دەۋرى» دېگەن كىتابقا قاراڭ.

⑦ بۇ كىتابنى ئاكىمۇشكىن پارىسچە تېكىستى بىلەن رۇسچە تەرجىمىسىنى قوشۇپ ئىزاھ يېزىپ نەشر قىلدۇرغان. ئۇ پايدىلانغان ئەسلى كىتابنى ۋ. ۋ. بارتولد 1916 - يىلى تاشكەنتتە باقىجانباي دېگەن كىشى ساقلىغان كىتابلار ئارىسىدىمۇ ئۇچراتقان، ئەجەبلىنەرلىكى ئوخشاش ۋاقىتتا يائۇشېفمۇ يەنە بىر قولىيازمىنى تاپقان.

⑧ كوماسىنىڭ كىتابى 123 - 125 - بەتلەر.

⑨ ئوتىشىنىڭ ماقالىسى 17 - بەت.

⑩ ھاجى مۇھەممەد نەۋرۇز ھاجى ئوغلى «قەشقەر» - «ۋاقىت» گېزىتى 1914 - يىل 11 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىكى سانى.

⑪ داموللا ئابدۇقادىر: «باياني ھەقىقەت» - «شۇرا» ژۇرنىلى، ئورىنبۇرگ، 1915 - يىل 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى نەشرى، 23 - سان.

⑫ ۋاڭ كې: «ش ت جۇمھۇرىيىتى ھەققىدە تەتقىقات»، توكيو ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1995 - يىلى ياپونچە نەشرى، 8 - بەت

ياپونچە «كوبى ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخشۇناسلىق يىللىق ژۇرنىلى» نىڭ 1998 - يىلى 5 - ئايدا نەشر قىلىنغان 31 - سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.

تەرجىمە قىلغۇچى: ئۆمەرجان نۇرى

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئورخۇن

# «ئىلى - چۆچەك ۋەقەسى»نىڭ باش - ئاخىرى

ئابدۇرېھىم ياقۇپ

(ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتىدىن)

1962 - يىلى ئىلىمىز ئۈچ يىللىق تەبىئىي ئاپەتكە ئۇچرىغان، خەلق تۇرمۇشى ئېغىر قىيىنچىلىققا يولۇققان مۇشەققەتلىك كۈنلەردە ئىلى- تارباغاتاي رايونىدا نۇرغۇن ئادەم سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تېررىتورىيىسىگە قېچىپ كېتىشتەك ئېغىر ۋەقە يۈز بەردى. بۇ ۋەقە ئەينى ۋاقىتتا پۈتۈن دۇنيانى زىلزىلىگە سالدى. بۇ زادى قانداق ئىش؟

1. ۋەقەنىڭ باشلىنىشى

1959 - يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ جۇڭگو بىلەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ بۇزۇلۇشى، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ چاپاننى تەتۈر كىيىپ قەرزنى قىستىشى بىلەن خەلقنىڭ تۇرمۇشى قىيىنلاشتى، بولۇپمۇ 1961 - يىلدىن باشلانغان ئۈچ يىللىق تەبىئىي ئاپەت گەسلىدىنلا غۇربەتچىلىكتە ئۆتۈۋاتقان خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى تېخىمۇ قىيىنلاشتۇرىۋەتتى.

دەل شۇ مەزگىللەردە خۇددى ئوتقا ياغ چاچقاندەك سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىلىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىدىكى دىپلوماتىيە تونىغا ئورۇنۇۋالغان سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەت خەۋپسىزلىك كومىتېتى (ك گ ب) نىڭ ئىشپىيونلىرى تەرەپ - تەرەپكە قاتىراپ بىر ياقتىن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرسە، بىر ياقتىن ئۆسەك سۆز تارقىتىپ، كىشىلەر كۆڭلىنى پاراكەندە قىلدى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىلىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ مۇئاۋىن كونسۇلى تىتوف، كونسۇلخانا كاتىپى چىمخېنىكلار 1961 - يىل 1- ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 1962 - يىل 4 - ئاينىڭ 9 - كۈنىگىچە ئالتە قېتىم تارباغاتايغا كېلىپ جۇڭگو چېگرا ئاھالىسىدىن 4743 ئادەم (قېتىم) بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۆسەك سۆز تارقىتىپ قۇتراتقۇلۇق قىلدى. بۇنىڭغا ماس ھالدا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ جۇڭگوغا تۇغقان يوقلاشقا، كاماندىروپكىغا كەلگەن كىشىلەردىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ۋە خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئەۋزەللىكىنى كۆچەپ تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق كىشىلەرنى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتۈشكە قىزىقتۇردى.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى چۆچەكتە

تەسىس قىلغان سوۋېت مۇھاجىرلىرى ئۇيۇشمىسى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئىلى كونسۇلخانىسىدىكى دىپلوماتىيە خادىملىرىنىڭ قانۇنسىز پائالىيىتىگە يېقىندىن ماسلىشىپ، چېگرا ئاھالىلىرى ئارىسىدا ئاتالمىش «چاقىرىق قەغىزى»، «تەكلىپنامە»، «كاپالەتنامە» قاتارلىق قانۇنسىز ئىسپاتلارنى ھە دەپ زور مىقداردا تارقىتىشقا باشلىدى ھەمدە چېگرا ئاھالىلىرىگە «چېگرىدىن ئۆتسىلا ‹گراژدانلىق كىنىشكىسى› تارقىتىپ بېرىدىغانلىقى» ھەققىدە ۋەدە بەردى، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا خەلق تۇرمۇشىنىڭ جۇڭگونىڭكىدىن باياشات، مائاشىنىڭ جۇڭگونىڭكىدىن يۇقىرىلىقى ھەققىدە توختىماي گەپ ساتتى، چېگرىدىن ئۆتكەنلەرنى ياتاق، تاماق بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقى، خىزمەتكە تونۇشتۇرىدىغانلىقى ھەققىدە كاپالەت بەردى، نەتىجىدە چېگرا ئاھالىلىرىنىڭ ئىچىدىكى بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرىدىغان، تۇرمۇش قىيىنچىلىقىغا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان ئىرادىسى ئاجىز كىشىلەر ئارىسىدا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا نىسبەتەن بىر خىل قىزىقىش پەيدا بولۇپ، قېچىپ كېتىش ئىستىكى كۈچەيدى.

2. ۋەقەنىڭ قىسقىچە جەريانى

چېگرا ئاھالىسىنىڭ چەتكە قېچىش ۋەقەسى ھەممىدىن بۇرۇن قورغاستىن باشلاندى. 1962 - يىل 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى قورغاس ناھىيىسى «بەخت» گۇڭشېسىدىن بىر گۇڭشې ئەزاسى (ئۇيغۇر) بىر خەنزۇ قىزنى باشلاپ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىگە كىرىپ كەتتى، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ قورغاس چېگرا مۇداپىئە قاراۋۇلخانىسىدىكى ئەسكەرلەر ئۇلارنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىپ تۇرىۋەردى. شۇ يىلى 3 - ئاينىڭ 28 - كۈنى قورغاس ناھىيىسى چىڭسۇيخوزا گۇڭشې 5 - چوڭ ئەترەت 3 - كىچىك ئەترەتتىكى گۇڭشې ئەزالىرىدىن ئۈچ كىشى ھېچقانداق توسالغۇسىزلا چېگرىدىن ئۆتۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا غۇلغۇلا پەيدا بولۇپ قاچىدىغانلار كۆپىيىشكە باشلىدى. 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن باشلاپ قورغاس ناھىيىسىدىكى ئاز ساندىكى ئۇيغۇر، قازاق ئاھالىلىرى چېگرىدىن قاچىدىغان ئىش يۈز بەردى. 4 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن ئېتىبارەن چېگرىدىن قېچىش پۈتكۈل قورغاس ناھىيىسىگە كېڭىيىپ، كىشىلەر ئائىلە بويىچە تۈركۈملەپ قېچىشقا باشلىدى، بۇ ئىش تاكى شۇ يىلى 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنىگە قەدەر داۋاملاشتى. 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئېلىمىز ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى ئارقىلىق سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىگە قاتتىق ئېتىراز بىلدۈرگەندىن كېيىن، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى شۇ كۈنى كەچ سائەت 23 (بېيجىڭ ۋاقتى) تە قورغاس چېگرىسىنى تاقىدى. چېگرىدىن ئۆتۈپ كېتەلمىگەنلەر بىر بىرلەپ تىزىمغا ئېلىنىپ تەكشۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۆز جايلىرىغا قايتۇرۇلدى.

دۆربىلجىن ناھىيىسى تەرەپتىن قېچىش 4 - ئاينىڭ 21 - كۈنى باشلىنىپ 8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە داۋاملاشتى. 4 - ئاينىڭ 21 - كۈنى دۆربىلجىن ناھىيە

بازىرىدىكى ئاز ساندىكى ئاھالە چېگرىدىن ئۆتۈپ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىگە قېچىپ كەتتى. بۇ ئىش 6 - ئاينىڭ ئالدى- كەينىدە يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلۈپ قاچىدىغانلار كۆپىيىپ كەتتى ھەمدە دۆربىلجىن ناھىيىسىنىڭ ھەرقايسى گۇڭشېلىرى ۋە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىغىچە كېڭەيدى. دۆربىلجىن ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەت ئىشلىشى، نەسىھەت قىلىپ توسۇشى نەتىجىسىدە دۆربىلجىن ناھىيىسى تەرەپتىكى چېگرىدىن قېچىش ۋەقەسى 8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە ئاساسىي جەھەتتىن تىنچىپ قالدى.

چۆچەك ناھىيىسى (ھازىرقى چۆچەك شەھىرى - ئاپتور) تەرەپتىن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىش 1962 - يىل 4 - ئاينىڭ 9 - كۈنى باشلىنىپ، 4 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئەۋجىگە چىقتى. 4 - ئاينىڭ 9 - كۈنى چۆچەك ناھىيىسى «راكېتا» گۇڭشېسىنىڭ تېرەكچى چوڭ ئەترىتىدىكى قىسمەن ئاھالە چېگرىدىن ئۆتۈپ قېچىپ كەتتى، ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ قاچىدىغانلار ئاستا - ئاستا كۆپىيىشكە باشلىدى، دەسلەپتە قاچقانلار كېچىدە ئوغرىلىقچە قاچقان بولسا كېيىنچە كۈپ - كۈندۈزدە ئوچۇق - ئاشكارا ھالدا مال - چارۋىلىرىنى ھەيدەپ تۈركۈملەپ قېچىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتى. 4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى چېگرىدىن قېچىش ۋەقەسى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلۈپ چۆچەك، چاغانتوقاي ناھىيىلىرىدىن نۇرغۇن ئادەم قېچىپ كەتتى. 4 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ۋەزىيەت تىنچىپ جەمئىيەت تەرتىپى ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى.

بۇ قېتىمقى چېگرىدىن قېچىش ۋەقەسىدە غۇلجا شەھىرىدىنمۇ نۇرغۇن ئاھالە قايمۇقۇپ، قورغاس چېگرىسىدىن قېچىپ ئۆتۈپ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پۇقراسىغا ئايلاندى.

بۇ قېتىمقى ۋەقە جەريانىدا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ ئەڭ چوڭ جاسۇسلۇق ئورگىنى بولغان سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەت خەۋپسىزلىك كومىتېتى (ك گ ب) ئىچكى - تاشقى جەھەتتە ناھايىتى زىچ ماسلاشتى. ئىچكى جەھەتتە ك گ ب نىڭ جاسۇسلىرى دىپلوماتىيە تونىغا ئورنىشىۋېلىپ ھەدەپ قۇتراتقۇلۇق قىلسا، تاشقى جەھەتتە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى 4 - ئاينىڭ 16- كۈنى (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىنى КГ6 نىڭ 3 - باش ئىدارىسىغا قاراشلىق چېگرا مۇداپىئە ئارمىيىسىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى بىۋاسىتە باشقۇرىدۇ - ئاپتوردىن) چېگرىدىكى سىم توساقنىڭ 20 نەچچە يېرىنى ئېچىۋەتتى ھەمدە كېچىسى نۇرغۇن ئاپتوموبىلنى سىم توساقنىڭ قارشى تەرىپىگە تىزىپ چىراغنى ياندۇرۇپ كېچىدە قاچقانلارغا يول كۆرسىتىپ بەردى، بەزى جايلاردا ئاسمانغا يورۇتۇش ئوقى ئېتىپ يول كۆرسىتىپ بەردى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ يەرلىك دائىرىلىرىمۇ نۇرغۇن ئاپتوموبىل ئاجرىتىپ چېگرىدىن ئۆتكەنلەرنى كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ توختىماي توشۇپ تۇردى.

### 3. ئېغىر ئاقىۋەت

بۇ قېتىمقى جۇڭگو چېگرا ئاھالىسىد-

نىڭ چەت ئەلگە قېچىش ۋەقەسى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى مەزگىلىدە يۈز بەرگەنلىكتىن ئامېرىكا بىرلەشمە ئاخبارات ئاگېنتلىقى، ئەنگلىيە رادىئو شىركىتى (BBC)، رېيتېر ئاگېنتلىقى، ياپونىيە ئېقىم مەسىلىلىرى ئاگېنتلىقى قاتارلىق خەلقئارادىكى ئاساسلىق ئاخبارات ئاگېنتلىقلىرى بۇ ۋەقەنى بەس - بەستە خەۋەر قىلىشتى، ئۇلار توغمىنى تۆگمەك قىلىپ كۆرسىتىپ، ئاق - قارىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىپ، ئېلىمىز ھۆكۈمىتىگە زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلدى. نەتىجىدە بۇ قېتىمقى ۋەقە سىياسىي جەھەتتە ئېلىمىزنىڭ خەلقئارادىكى ئىناۋىتىگە زور دەرىجىدە نۇقسان يەتكۈزدى، ئىقتىسادىي جەھەتتە، بۇ قېتىمقى ۋەقە ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىغا قاراشلىق ئىلى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىگە ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كەلدى.

ئىلى ۋىلايىتىگە قاراشلىق سەككىز ناھىيىنىڭ ئىچىدە قورغاس ناھىيىسىدىن قېچىپ كەتكەنلەر ئەڭ كۆپ بولۇپ، ئومۇمىي سانى 14 مىڭ 32گە يەتتى، بۇ سان ئىلى - تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىدىن چەت ئەلگە قاچقان چېگرا ئاھالىلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ %38.7نى ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە چېگرا بويىغا جايلاشقان «شەرق شامىلى»، «بەخت»، «ئالغا» كوممۇنىلىرى-دىن قاچقانلار قورغاس ناھىيىسى بويىچە چەت ئەلگە قاچقان چېگرا ئاھالىسىنىڭ %50تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. قورغاس ناھىيىسىدىن قېچىپ كەتكەن ئاھالە ئىچىدە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئەمگەك كۈچى 5875، ئورگان، كارخانا - كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچى 897، دىنىي زات 13 بولۇپ، ئۇلار ئۆزى بىلەن بىرگە 17 مىڭ 390 تۇياق چارۋا مال (بۇنىڭ ئىچىدە ئات 8370، كالا 6540، ئېشەك 327، تۆگە ئۈچ، قوي 2150) نى بىللە ھەيدەپ ئېلىپ كەتتى، بىۋاستە ئىقتىسادىي زىيان 5 مىليون 659 مىڭ 962 يۈەنگە يەتتى، ناھىيىنىڭ ئاشلىق ۋە سۈيېغى مەھسۇلاتى 17 مىليون 560 مىڭ كىلوگرام كېمىيىپ كەتتى. غۇلجا شەھىرى تەۋەسىدىن قاچقان چېگرا ئاھالىسى 1012 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر ئاھالىسى 619، دېھقان 227، ئوقۇغۇچى 40، ئوقۇتقۇچى يەتتە، پىركازچىك بەش، ئورگان كادىرى يەتتە، خەلق ساقچىسى بىر، نەتىجىدە غۇلجا شەھىرى بىرمۇنچە بىھۇدە ئىقتىسادىي زىيانغا ئۇچرىدى. چۆچەك ناھىيىسىدىن قاچقانلار 6985 ئائىلە، 28 مىڭ 894 ئادەم، بۇلارنىڭ ئىچىدە قازاقلار 26 مىڭ 610 بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا ئاز ساندا ئۇيغۇر، تاتار، موڭغۇل، رۇس، خۇيزۇ، داغۇر، ئۆزبېك قاتارلىقلارمۇ بار. بۇ قېتىمقى چېگرىدىن قېچىش ۋەقەسى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان ئىقتىسادىي زىياننى پۇلغا سۇندۇرغاندا چۆچەك ناھىيىسى 8 مىليون 789 مىڭ 266 يۈەنلىك بىۋاستە ئىقتىسادىي زىيانغا ئۇچرىدى. دۆربىلجىن ناھىيىسىدىن قېچىپ كەتكەن ئاھالە 1666 ئادەم بولۇپ، ئۇلار ئۆزى بىلەن بىرگە كوللېكتىپنىڭ 19 مىڭ 244 تۇياق چارۋىسىنى ھەيدەپ ئېلىپ كەتتى.

يىغىپ ئېيتقاندا، بۇ قېتىمقى قېچىش ۋەقەسىدە ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىغا قاراشلىق ئىلى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىدىن

60 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تېررىتورىيىسىگە ئۆتۈپ كەتتى. مەسىلەن تارباغاتاي ۋىلايىتىنى مىسالغا ئالساق، تارباغاتاي ۋىلايىتىگە قاراشلىق چۆچەك، چاغانتوقاي، دۆربىلجىن ناھىيىلىرىدىن جەمئىي 44 مىڭ 795 ئادەم (بۇنىڭ ئىچىدە چۆچەك ناھىيىسى ئاھالىلىرى ۋە ۋىلايەتكە قاراشلىق ئورگان، كارخانا - كەسپىي ئورۇنلاردىكى كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئارىسىدىن قاچقانلار 32 مىڭ 601 ئادەم، چاغانتوقاي ناھىيىسىدىن قاچقانلار 10 مىڭ 528 ئادەم، دۆربىلجىن ناھىيىسىدىن قاچقانلار 1666 ئادەم) بولۇپ، بۇ ۋەقە ئىلى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىگە، بولۇپمۇ تارباغاتاي ۋىلايىتىگە ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كەلدى، تارباغاتاي ۋىلايىتىگە قاراشلىق بەزى ناھىيىلەردىكى قىسمەن گۇڭشې، مەيدانلاردىكى ئاساسىي قاتلام پارتىيە، ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى بىر مەھەل پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى، 608 مىڭ 879 مو تېرىلغۇ يەر ئاق تاشلىنىپ قالدى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 26 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە يەتتى، قاچقانلار يەنە ئۆزىنىڭ ۋە كوللېكتىپنىڭ چارۋىلىرىنى بىللە ھەيدەپ ئېلىپ ماڭغاچقا بۇ قېتىمقى ۋەقەدە تارباغاتاي ۋىلايىتى تەرەپتىن 238 مىڭ 300 تۇياق چارۋا مال سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە ھەيدەپ كېتىلگەن ئومۇمىي چارۋا سانى 300 مىڭ تۇياقتىن ئاشتى.

### 4. ئىشلەنگەن خىزمەتلەر

بۇ قېتىمقى قېچىش ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بۇ ۋەقەگە مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى دەرھال ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىغا ۋە غەربىي شىمال بيۇروسىغا دوكلات قىلدى ھەمدە مەركىزىي كومىتېت ۋە غەربىي شىمال بيۇروسىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن چېگرا مۇداپىئە كۈچلىرىنى كۈچەيتىش بىلەن بىرگە ئىلى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىگە خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، ۋەقەنىڭ يەنىمۇ كېڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى. گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى جۇ ئېنلەي شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى جاڭ جۇڭخەينى بېيجىڭغا چاقىرتىپ، بىڭتۇەننىڭ ئۆزى تۇرۇشلۇق جايلاردا چېگرا ئاھالىسىنىڭ چەت ئەلگە قېچىشىنى نەسىھەت قىلىپ توسۇش بىلەن بىرگە، چېگرا ئاھالىسى قېچىپ كېتىش سەۋەبىدىن تاشلىنىپ قالغان جايلاردا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى تېزدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 1962 - يىل 5 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە شىمالىي شىنجاڭ رايونى خىزمەت يىغىنى ئېچىپ، بۇ قېتىمقى ۋەقەگە مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى مۇزاكىرە قىلدى، يىغىندا مەركەزنىڭ يوليورۇقى يەتكۈزۈلدى، يىغىن ئەھلى بىردەك بۇ قېتىمقى ۋەقەنى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دائىرىلىرى پىلانلىق، تەشكىللىك، قەدەم - باسقۇچلۇق ھالدا پەيدا قىلغان، شۇڭا بۇ ۋەقەدىن كېلىپ چىققان بارلىق ئاقىۋەتكە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دائىرىلىرى مەسئۇل بولۇشى كېرەك، دەپ قارىدى. يىغىندا يەنە سوۋېت مۇھاجىرلار ئۇيۇشمىسىنى بىكار قىلىش، چېگرا

مۇداپىئەسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، چېگرا رايونلاردا ئىشلەپچىقىرىشنى تېزرەك ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، خەلق تۇرمۇشىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەر نۇقتىلىق هالدا مۇهاكىمە قىلىنىپ مەخسۇس قارار چىقىرىلدى.

جايلاردىكى پارتىيە، هۆكۈمەت ئورۇنلىرىمۇ نۇرغۇن خىزمەت ئىشلەپ، كېلىپ چىقىش ئېهتىماللىقى بولغان زىياننى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ئازايتىشقا تىرىشتى. مەسىلەن: ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك پارتكوم «جىددىي تەدبىر قوللىنىپ، چېگرا ئاهالىسىنىڭ چەتكە قېچىشىنى توسۇش هەققىدىكى پىكىر»، «چۆچەك، چاغانتوقاي ناهىيىلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى تېزدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈش هەققىدە جىددىي ئۇقتۇرۇش» قاتارلىق هۆججەتلەرنى تارقاتتى هەمدە زور بىر تۈركۈم كادىر ئاجرىتىپ، بىر تەرەپتىن ئاممىغا قاچماسلىق هەققىدە نەسىهەت قىلدى، يەنە بىر تەرەپتىن چېگرا ئاهالىسىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇنى ئاقسىتىپ قويماسلىققا تىرىشتى. بۇ جەرياندا چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ سۆهبەت ۋەكىللىرى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ سۆهبەت ۋەكىللىرى بىلەن چېگرا ئاهالىسىنىڭ چەت ئەلگە قېچىشىنى بىرلىكتە توسۇش هەققىدە بەخت (باقتۇ) ئېغىزىدا ئۈچ قېتىم ئۇچرىشىپ سۆهبەت ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ ئۈنۈمى بولمىدى. دۆربىلجىن ناهىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق كومىتېتىمۇ ۋەقەنىڭ تەرەققىياتىغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلدى. ۋەقە كۆرۈلۈش بىلەنلا «تەشۋىق قىلىش، تەربىيە بېرىش، نەسىهەت قىلىش، زەربە بېرىش» فاڭجېنىنى تۈزۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ناهىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئىسمائىل كېرەمنىڭ باشچىلىقىدا چەتكە قېچىشنى توسۇش كۆرىشىگە رەهبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇردى. بۇ گۇرۇپپا ناهىيىلىك پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن ئاساسىي قاتلامدىكى پارتىيە ۋە ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىغا زىچ ماسلىشىپ 600 نەچچە تەشۋىقات ئاكتىپىنى تېزلىكتە تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ چىقتى. بۇ تەشۋىقاتچىلار ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، تەشۋىق — تەربىيىنى قانات يايدۇردى، ناهىيە بويىچە ئاممىنىڭ تەربىيە ئېلىش نىسبىتى %90تىن، تارباغاتاي ۋىلايىتى بويىچە ئاممىنىڭ تەربىيە ئېلىش نىسبىتى %95تىن ئاشتى. تەشۋىق قىلىش، تەربىيە بېرىش، خىزمەت ئىشلەش ۋە نەسىهەت قىلىپ توسۇش نەتىجىسىدە، تارباغاتاي ۋىلايىتى بويىچە ئون نەچچە قېتىملىق چېگرىدىن كوللېكتىپ قېچىش ۋەقەسىنىڭ ئالدى ئېلىنىپ، 14 مىڭ 675 ئادەمنىڭ چېگرىدىن ئۆتۈپ قېچىپ كېتىشى توسۇپ قېلىندى ۋە يۇرت - ماكانىغا قايتۇرۇلدى. ئىلى ۋىلايىتى تەرەپتىنمۇ 1061 ئادەم چېگرا بويىدىن نەسىهەت بىلەن قايتۇرۇپ كېلىندى. گەپ ئاڭلىماي ئامما ئارىسىدا داۋاملىق قۇتراتقۇلۇق قىلغان، قېچىشنى تەشكىللىگەن ئىنتايىن ئاز ساندىكى يامان غەرەزلىك كىشىلەرگە قانۇن بويىچە مۇناسىپ چارە كۆرۈلۈپ، ۋەزىيەتنىڭ يەنىمۇ يامانلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدى ئېلىندى.

**5. خاتىمە**

42 يىلنىڭ ئالدىدا يۈز بەرگەن بۇ ۋەقە هازىرمۇ تېخى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكىنى يوق. ۋەقە تەلتۆكۈس تىنچىتىلغاندىن كېيىن، جۇڭگو كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى ... ئېنىلەي زۇڭلىنىڭ يوليورۇقى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ قارارىغا ئاساسەن، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى يېزا ئىگىلىك 4-، 5-، 6-، 7-، 8-، 10 - شىلىرى ۋە بىڭتۈەنگە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلاردىن 810 كادىر، 16 مىڭ 750 ئىشچى ئاجرىتىپ «ئۈچنى ۋاكالىتەن ئىشلەش» (ۋاكالىتەن تېرىش، ۋاكالىتەن بېقىش، ۋاكالىتەن باشقۇرۇش) خىزمەت ئەترىتى تەشكىللىدى، خىزمەت ئەترىتىگە 39 ئاپتوموبىل، 45 تراكتور ۋە كومبايىن سەپلەپ بەردى، خىزمەت ئەترىتىدىكىلەر چېگرا ئاهالىسى قېچىپ كەتكەنلىكتىن تاشلىنىپ قالغان 780 مىڭ مو يەردىكى زىرائەتنى ۋاكالىتەن پەرۋىش قىلدى، 420 مىڭ مو ئاق تاشلىنىپ قالغان يەرنى ۋاكالىتەن تېرىدى، تارقىلىپ كەتكەن 327 مىڭ تۇياق چارۋىنى يىغىۋېلىپ ۋاكالىتەن باقتى، جۇڭگو - سوۋېت چېگرىسىنى بويلاپ نۇرغۇن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق تۈەن - مەيدانلىرىنى قۇرۇپ چىقىپ چېگرا مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىشكە تېگىشلىك هەسسە قوشتى.

«ئىلى - چۆچەك ۋەقەسى» جەريانىدا چەت ئەلگە قېچىپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ هويلا - ئاراملىرى يەرلىك هۆكۈمەت ئورۇنلىرى تەرىپىدىن بىر تىزىملىنىپ ۋاكالىتەن باشقۇرۇلدى. مەسىلەن: 1962 - يىلى «ئىلى - چۆچەك ۋەقەسى» يۈز بەرگەندىن كېيىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتىنىڭ ئالاقىدار يوليورۇقلىرىغا ئاساسەن چۆچەك شەهىرى چۆچەك بازىرىدىن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كەتكەن كىشىلەر قالدۇرۇپ كەتكەن ئۆي - مۈلۈكلەرنى تىزىملاشقا باشلاپ جەمئىي 289 هويلا، 1246 ئېغىز ئۆي، 22 دۇكان، 99 ئىسكىلات، 96 لاپاس، يەتتە باغنى رويخەتكە ئالدى هەمدە ئايرىم - ئايرىم ئارخىپ تۇرغۇزدى. 1979 - يىلى ئاپتونوم رايوندا مۇهاجىرلار سىياسىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەندە، بۇ ئۆيلەرنىڭ بىر قىسمى مەملىكەت ئىچىدىكى قانۇنلۇق ۋارىسلىق قىلغۇچىلارغا قايتۇرۇپ بېرىلدى، مەملىكەت ئىچىدە قانۇنلۇق ۋارىسلىق قىلغۇچىلىرى يوق ئۆي - مۈلۈكلەرنى بولسا هۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى ۋاكالىتەن باشقۇرۇپ تۇردى. 1987 - يىل 4 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە مۇهاجىرلار سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋەزىپىسى ئاساسىي جەهەتتىن تاماملىنىپ، 11 مىڭ 662 ئائىلىنىڭ 379 مىڭ 513 كۋادرات مېتىرلىق ئۆيى قانۇنلۇق ۋارىسلىق قىلغۇچىلارغا قايتۇرۇپ بېرىلدى.

---

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1. «سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى» (خەنزۇچە)، چېن كەيرېن تۈزگەن، ج ك پ پارتىيە تارىخى

نەشرىياتى 1997 - يىل 9 - ئاي، بېيجىڭ 1 - نەشرى.
2. «تارباغاتاي ۋىلايىتى تەزكىرىسى» (خەنزۇچە)، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك تەزكىرە كومىتېتى تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997 - يىل 10 - ئاي، 1 - نەشرى.
3. «چۆچەك شەھىرى تەزكىرىسى» (خەنزۇچە)، چۆچەك شەھەرلىك تەزكىرە كومىتېتى تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 - يىل 6 - ئاي 1 - نەشرى.
4. «قورغاس ناھىيىسى تەزكىرىسى» (خەنزۇچە)، «قورغاس ناھىيىسى تەزكىرىسى» نى تۈزۈش ھەيئىتى تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998 - يىل 3 - ئاي، 1 - نەشرى.
5. «دۆربىلجىن ناھىيىسى تەزكىرىسى» (خەنزۇچە)، دۆربىلجىن ناھىيىلىك تەزكىرە كومىتېتى تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىل 8 - ئاي، 1 - نەشرى.
6. «غۇلجا شەھىرى تەزكىرىسى» (خەنزۇچە)، غۇلجا شەھەرلىك تەزكىرە كومىتېتى تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 - يىل 10 - ئاي، 1 - نەشرى.
7. «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى . ھەربىي ئىشلار تەزكىرىسى» (خەنزۇچە)، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى . ھەربىي ئىشلار تەزكىرىسى» نى تۈزۈش ھەيئىتى تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997- يىل 7 - ئاي، 1 - نەشرى.
8. «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى . مۇھاجىرلار ئىشلىرى تەزكىرىسى» (خەنزۇچە)، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى . مۇھاجىرلار ئىشلىرى تەزكىرىسى» نى تۈزۈش ھەيئىتى تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1994 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، 1 - نەشرى.
9. «شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىگە دائىر چوڭ ئىشلار» (خەنزۇچە)، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى تارىخ - تەزكىرە كومىتېتى تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 - يىل 10 - ئاي، 1 - نەشرى.

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئورخۇن

# «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. مېتېئورولوگىيە تەزكىرىسى» نىڭ ئۇيغۇرچىسى نەشردىن چىقتى

مەزكۇر تەزكىرىنىڭ ئۇيغۇرچىسى 650 مىڭ خەتلىك خەنزۇچە نەشرى ئاساسىدا، ئالدى بىلەن 300 مىڭ خەتكە قىسقارتىلىپ، تەزكىرە كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن ئۇيغۇرچىگە تەرجىمە قىلىندى. ئۇنىڭدا شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى، بۇ جەھەتتە قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەر، مېتېئورولوگىيە كەسپىنىڭ ئىقتىسادنى گۈللەندۈرۈش، ئاپەتتىن مۇداپىئەلىنىش ۋە ئاپەتنى ئازايتىش، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى رولى سىستېمىلىق بايان قىلىنغان. ئۇ جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەگە ۋە ئەۋلادلارغا شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە ئىشلىرىنىڭ ئۆتمۈشى بىلەن ھازىرقى ئەھۋالىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

مەرھابا شاۋۇدۇن تەييارلىغان

# خىبىشى ئۇيغۇرلىرى ۋە مانى دىنى

ئەركىن ئەرشىدىن

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنىستىتۇتىدىن)

مانى دىنى مىلادىيە 3 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پېرسىيىلىك مانى دېگەن كىشى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان. ئۇ پارسلاردا ئەزەلدىن بار بولغان زەردۇشت دىنى ئاساسىدا، نېستورىئان، خرىستىيان ۋە بۇددا دىنلىرىنىڭ تەلىماتلىرى ئۆزلەشتۈرۈلۈپ ئىجاد قىلىنغان دىن بولغاچقا، ئارىلاشما دىن دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

مانى دىنىنىڭ ئاساسلىق دىنىي ئەقىدىسى - ياخشىلىق - يامانلىقتىن ئىبارەت ئىككى مەنبەچىلىك نەزەرىيىسى بولۇپ، يورۇقلۇق ياخشىلىقنىڭ، قاراڭغۇلۇق يامانلىقنىڭ سىمۋولى قىلىنىدۇ. ھەمدە مۇشۇ ئەقىدە ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ روھىنى قۇتقۇلدۇرۇش تەرغىب قىلىنىدۇ.

مانى دىنى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا قاچان، قانداق تارقىلىپ كىرگەنلىكى توغرىسىدا خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە ئېنىق مەلۇمات بولمىغاچقا، تەتقىقاتچىلار ھەر خىل قىياسلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كەلدى. لېكىن 1890 - يىلى فىنلاندىيىلىك ئالىم ھەۋكەل قارا بالغاسۇن خارابىسىدىن تاپقان «توققۇز ئۇيغۇر قاغان مەڭگۈ تېشى» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، مانى دىنىنىڭ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا مىلادىيە 763 - يىلى تارقىلىپ كىرگەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. بۇ مەزگىلدە تاڭ سۇلالىسىدا شى سىمىڭنىڭ ئوغلى شى چاۋيى توپىلاڭ كۆتۈرگەن مەزگىل بولۇپ، توپىلاڭ تاڭ خاندانلىقىغا قاتتىق تەھدىت سالىدۇ. تاڭ خاندانلىقى ئۇيغۇرلاردىن يەنە قوشۇن تەلەپ قىلىپ شى چاۋيى توپىلىڭىنى باستۇرماقچى بولىدۇ. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قاغانى بۆگۇ تېكىن تەكلىپكە بىنائەن بىر بۆلۈك قوشۇننى باشلاپ، ياردەمگە كېلىپ شەرقىي ئاستانە لوياڭ شەھىرىنى قايتۇرۇۋالىدۇ. كەينىدىن توپىلاڭچىلارنى سۈرۈپ توقاي قىلىدۇ. بۆگۇ تېكىن توپىلاڭنى تىنچىتىپ، لوياڭ شەھىرىدە مانى مۇرتلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلار بىلەن كۆپ قېتىم مانى دىنىنىڭ ئەقىدىلىرى ئۈستىدە سۆھبەتلىشىدۇ. نەتىجىدە مانى دىنىنىڭ تەلىماتلىرىغا تەدرىجىي قايىل بولۇپ، قايتىش سەپىرىدە تۆت نەپەر مۇرتنى ئۇيغۇر خانلىقىغا ئېلىپ قايتىدۇ ۋە مەخپىي ھالدا مانى دىنىغا كىرىدۇ. بۆگۇ تېكىننىڭ بۇ ھەرىكىتى ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغايدۇ. چۈنكى بۇ

مەزگىللەردە ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا بۆگۈ تېكىننىڭ مانى مۇرتلىرىنى ئېلىپ ئۆز ئېلىگە قايتقاندىن كېيىن، بۇ مۇرتلارنى شامان دىنىدىكىلەر بىلەن مۇنازىرىگە سالغان. مەخسەت مۇنازىرە ئارقىلىق مانى دىنىنىڭ ئەقىدىلىرىنى نامايان قىلىپ نارازىلىقلارنى بېسىش ئىدى. «ئىككى كېچە - كۈندۈزلۈك مۇنازىرىدىن كېيىن مانى مۇرتلىرى، شامان دىنىدىكىلەرنى مۇنازىرىدە يېڭىپ چىققان. شۇنىڭ بىلەن قاغان چوڭ يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ مانى مۇرتلىرىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىغا كەڭچىلىك قىلىشنى تىلىگەن ھەمدە مانى دىنىغا ئاشكارا كىرگەنلىكىنى جاكارلاپ، ئاخىرىدا مانى دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتكەن»① ئەنە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مانى دىنى ئۇيغۇرلار ئىچىگە كەڭ كۆلەمدە تارقىلىشقا باشلىغان.

مىلادىيە 840 - يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى مۇنقەرز بولۇپ، قوۋملىرى غەربكە كۆچكەندە بىر تارمىقى ئورخۇن - سېلىنگا دەريا ۋادىلىرىدىن گەنجۇ رايونىغا كۆچۈپ كەلدى. ئۇلار دەسلەپتە تۇبۇت ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولدى، كېيىنچە ھەرقايسى جەھەتلەردە تەدرىجىي كۈچىيىپ، گەنجۇ رايونىنى ئاساس قىلغان كەڭ دائىرىدە زورىيىشقا باشلىدى. مىلادىيە 846- يىلى گوبى چۆللۈكىنىڭ ئەتراپى ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ شىمالىي قىسمىغا تارقالغان ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ قىسمى خېشى رايونىغا كۆچۈپ كەلدى.

مىلادىيە 850 - يىلى شاجۇ (ھازىرقى دۇنخۇاڭ ئەتراپى) رايونىنىڭ باش ئەمەلدارى جاڭ يىچاۋ بۇ جايدا ياشايدىغان خەنزۇلارغا يېتەكچىلىك قىلىپ تۇبۇتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، تۇبۇتلەرنى گەنجۇ، شاجۇ، لياڭجۇ رايونلىرىدىن سۈرۈپ چىقىرىپ تاڭ سۇلالىسىنىڭ بۇ جايلارغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈردى②. بۇ ھال خېشى ئۇيغۇرلىرىنىڭ كۈچىيىشىگە تېخىمۇ پايدىلىق شارائىت ياراتتى. شۇ يىلى باش بۇيرۇق سارجىق بىلەن بىرگە 15 قەبىلىنى باشلاپ، قارلۇق رايونىغا كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ باشلىقى پانتېكىن كۇچا ۋە تۇرپان ئارقىلىق خېشى رايونىغا كېلىپ يېڭى ئۇيغۇر خانلىقىنى تىكلىدى. بۇ خانلىق تارىختا «گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى» دەپ ئاتالدى. خانلىقنىڭ پايتەختى گەنجۇ (جاڭيې) شەھىرى ئىدى③.

مىلادىيە 905 - يىلى جاڭ يىچاۋنىڭ نەۋرىسى جاڭ فېڭچىڭ تاڭ سۇلالىسىدىن ئايرىلىپ چىقىپ «ئالتۇن تاغ خانلىقى»نى تىكلەپ، گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن ئۇرۇشتى. لېكىن گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى ئالتۇن تاغ خانلىقىنىڭ قوشۇنىنى ئارقا - ئارقىدىن مەغلۇپ قىلىپ خانلىقنىڭ پايتەختى شاجۇنى قورشىۋالدى. جاڭ فېڭچىڭ نائىلاج سۈلھى تۈزۈشكە مەجبۇر بولۇپ، گەنجۇ ئۇيغۇر قاغانىنى «ئاتا قاغان» دەپ ئاتىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى شەرقتە لىڭجۇ (ھازىرقى نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ لىڭسۇ ناھىيىسى) دىن تارتىپ غەربتە يۇمېن، ئەنشىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى كەڭ رايونلارنى تىزگىنلەپ، ئۇزاق يىللارغىچە

ـە بۇ رايونلارنى گۈللەندۈردۇ.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئەنشى، خېشى رايونلىرىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلار ۋە تارىخىي يازمىلار بۇ بىر تارماق ئۇيغۇرلارنىڭ گەنجۇ رايونىغا كەلگەندىن كېيىنمۇ مانى دىنىغا داۋاملىق ئېتىقاد قىلىپ كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى.

مەسىلەن: «كىتابلار جەۋھىرى» نىڭ 976 ـ جىلدىدا: «كېيىنكى تاڭ پادىشاھلىقىنىڭ تيەنجىن 4 ـ يىلى (مىلادىيە 929 ـ يىلى) 8 ـ ئايدا شىمالىي ئاستانىدىكىلەر مانى مۇرتىنى دەپنە قىلىشنى ئىلتىماس قىلدى. مانى مۇرتى ئەسلى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇرتلىرى ئىدى. ئۇ ئۆز ئېلىدىن تەييۇەنگە كەلگەنىدى» دەپ خاتىرىلەنگەن. «يېڭى بەش دەۋر تارىخى. جۇ پادىشاھلىقى ھەققىدە خاتىرە» دە «گۇاڭشۇنىڭ ئۈنجى يىلى (مىلادىيە 951 ـ يىلى) 2 ـ ئايدا ئۇيغۇرلاردىن تۇتۇق ئەلچىلىككە كەلدى، مانى ئۇيغۇر ئەلچىلىككە كەلدى» ④ دەپ خاتىرىلەنگەن. گۇاجۇ رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىش ئەھۋالى توغرىسىدا «ھۇدۇدۇلئالەم» دە «گۇاجۇ چوڭ شەھەر بولۇپ، بىر قىسىم ئاھالىلىرى سودا بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئاھالىسىنىڭ كۆپى مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ.

شاجۇ تاغ تىزمىلىرى بىلەن قۇملۇق ئارىسىغا جايلاشقان ئاۋات جايدۇر. سەيلىگاھلىق ئورۇنلىرى ناھايىتى كۆپ؛ ئېقىن سۇلىرى ناھايىتى سۈزۈك، بۇ جايلاردا ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلار ھەرگىز يامان ئىشلار بىلەن شۇغۇللانمايدىكەن. مانى دىنىغا بولغان ئېتىقادىمۇ ناھايىتى كۈچلۈك ئىكەن» ⑤ دەپ خاتىرىلەنگەن.

مەلۇمكى، گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغان خېشى رايونى ئەزەلدىن شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولغاچقا، بۇ جايدا ياشىغان ئاھالىلەر بەلگىلىك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان ئىقتىساد، مەدەنىيەت گەۋدىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ھەر خىل مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى قوبۇل قىلىپ كەلگەن. جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيەچىلىرى، ئارخېئولوگلار دۇنخۇاڭ، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىن يىغقان مانى دىنىغا ئائىت ھۆججەت، ماددىي بۇيۇملار ئىچىدىكى مانى دىنى ھۆججەتلىرى بىرلا خىل يېزىقتا يېزىلغان بولماستىن، بەلكى بىر قانچە يېزىقتا يېزىلغانلىقى ئىسپاتلاندى. بەزى ۋەسىقىلەر مانى دىنىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىگە ئائىت بولۇپ، مانى ۋە ئۇنىڭ مۇرىتلىرى يازغان ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمىلىرى يەنى دىنىي ئەقىدىلەرگە ئائىت ماقال، تەپسىر، مەسىلىلەردىن ئىبارەت. قالغانلىرى قەسىدە، تىلاۋەتنامە ۋە توۋۋىنامىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ⑥.

يەنە بىر نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى خېشى رايونىدىكى تۈرك قوۋملىرى ۋە باشقا قەبىلىلەرنىڭ ھاكىمىيەت گەۋدىسى ئىدى. مانى دىنى مەيلى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە بولسۇن، ياكى ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشلىرىدە بولسۇن، ئۆزىنىڭ بەلگىلىك رولىنى جارى قىلدۇرغانىدى. گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، مانى دىنى بارغانسېرى ھۆكۈمرانلارنىڭ چۈشەنچىسىگە

ماسلىشىپ فېئوداللىق تۈسى بارغانسېرى قويۇقلاشتى. مەسىلەن: قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مانى دىنىغا ئائىت بىر پارچە ھۆججەتتە «بىزنىڭ ئابرويلۇق ئۇلۇغ قاغانىمىزنىڭ مۇبارەك نامىنى پۈتۈن ئىقلىم يادلىسۇن»⑦ دېيىلگەن. مانا بۇ ھۆججەتتىكى مەزمۇنلار ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر خانلىرىنىڭ ئۇرخۇن دەۋرىدىكى ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، مانى ئەقىدىسىگە داۋاملىق ئېتىقاد قىلغانلىقىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت، مانى دىنىغا ئائىت 135- نومۇرلۇق بىر پارچە ۋەسىقىدە بۇ نۇقتا ناھايىتى جايىدا چۈشەندۈرۈلگەن: «ئەقىللىق ۋە پاك روھنى سۆيىدىغان ئادەم كۈننى ئۈچكە بۆلۈشى كېرەكتۇر. بىرىنچىسى، پادىشاھ، ئاقسۆڭەكلەرگە تەئەللۇق بولۇشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا قانائەت تېپىپ ئىززەت - ھۆرمىتى زىيانغا ئۇچرىماي، تالاش - تارتىش ۋە سۈيىقەستلەردىن ساقلانغىلى بولىدۇ. ئىككىنچىسى، تەرىقەت بىلەن شۇغۇللىنىش. ئۈچىنچىسى، تېرىقچىلىق قىلىش، مال - مۈلۈك تەقسىم قىلىش ۋە جۇغلاش، تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا تەئەللۇق بولۇپ، شۇ ئارقىلىق ئائىلىنى قوغدىغىلى، خوتۇن - بالىلىرىنى نامراتلىقتىن ساقلىغىلى، تېخىمۇ كۆپ ياخشى نىيەتلىك كىشىلەر ئۈچۈن كۈچ چىقارغىلى بولىدۇ»⑧. دېمەك مانى دىنى ئۇيغۇرلار دۇچ كەلگەن ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ۋەزىيەتكە ماسلىشىپ، گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىدىكى فېئوداللىق ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىجابىي رول ئوينىدى.

---


ئىزاھلار:

① گاباتىن قاتارلىقلار تۈزگەن «تۈركچە تۇرپان تېكىستلىرى» 2 - قىسىم، 7 - 9 - بەتلەر، فېڭ جياشېڭ قاتارلىقلار تۈزگەن «ئۇيغۇر تارىخى ماتېرىياللىرى» 1 - قىسىم 35- بەت.

② «كونا تاڭنامە» 18 - جىلد «پادىشاھ ۋۇ زۇڭنىڭ نەسەبنامىسى».

③ ئەنۋەر بايتۇر: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى» 574 - 575 - بەتلەر.

④ «كونا بەش دەۋر تارىخى» 138 - جىلد «ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».

⑤ «ھۇدۇدۇلئالەم» 1937 - يىلى لوندون نەشرى، 85 - بەت.

⑥ كىلىمكىت: «يىپەك يولى بويىدىكى مەدەنىيەت» ئۈرۈمچى، 1994 - يىلى نەشرى، 88 - بەت.

⑦ لېكوك: «شىنجاڭنىڭ يەر ئاستى بايلىقلىرى» 1928 - يىلى لوندون نەشرى، 149- بەت.

⑧ ليۇ يىتاڭ: «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات»، 167 - بەت.


تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئورخۇن

# كۆك تۈركچە مەنبەلەردە كۆرۈلىدىغان قەبىلە ۋە قەۋملەردىن چىكلار

سائادەتتىن گۆمەچ*

كۆك تۈركچە مەنبەلەردە كۆرۈلىدىغان مۇھىم بىر تۈرك قەبىلىسى چىكلار ھەققىدە ئىنچىكە بىر تەتقىقات يوق. چىكلارنىڭ يۇرتلىرى ۋە مەنبەسى ھەققىدە ھەر خىل كۆز قاراشلار بار. چىكلار خەنزۇ مەنبەلىرىدە سىخ ( Sih ) ياكى سىپ ( Sip ) ① دېيىلگەن قەبىلە بولۇپ، باسمىللاردىن كەلگەنلىكى، كىمەكلەرنىڭمۇ چىكلار بولۇشى مۇمكىنلىكى② ھەققىدىكى كۆزقاراشلار بار. ئۇلارنىڭ يەنە قىپچاقلارنىڭ بىر تارمىقى ئىكەنلىكىمۇ زىكىر قىلىنىدۇ③. بۇنىڭدىن باشقا، كىمەكلەر ئىشىم توبول ۋادىسىدا ياشىغان دەپ پەرەز قىلىنىسىمۇ، كلاۋسون ( Clauson ) مەڭگۈ تاشلاردىكى يىپ ئۇچلىرىغا ئاساسەن، ئۇلارنىڭ ماكانلاشقان جايلىرىنى تۇۋانىڭ شەرقىدە دەپ توغرا كۆرسىتىدۇ④. مەڭگۈ تاشلار بەرگەن مەلۇماتلارغا قارىغاندا، كۆك تۈركلەر 709 - يىلى قىرغىزلار بىلەن بىرلىشىپ ئىسيان كۆتۈرگەن چىكلار ئۈستىگە بىر قوشۇن ئەۋەتكەن. كۆك تۈرك ئەسكەرلىرى چىكلارغا زەربە بېرىش ئۈچۈن يەنسەي دەرياسىدىن ئۆتۈشكە مەجبۇر بولغان. بۇ ئەھۋال چىكلارنىڭ كۆگمەن تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدا، قىرغىز يۇرتلىرىغا ئۆتىدىغان جايدا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ:

**ئالتى ئوتۇز ياشىما چىك بودۇن قىرقىز بىرلە ياغى بولتى. كەم كەچە چىك تاپا سۈلەدىم. ئۆرپەنتە سۈنگۈشدىم. سۈسىن سانچىدىم⑤.**

تەرجىمىسى: يىگىرمە ئالتە ياشقا كىرگەن يىلىمدا چىك خەلقى قىرغىزلار بىلەن بىرلىشىپ ماڭا دۈشمەن بولۇشتى. كەم دەرياسىدىن ئۆتۈپ چىكلارنىڭ ئۈستىگە ئەسكەر ئەۋەتتىم. ئۆرپەندە ئۇرۇشتۇم. ئەسكەرلىرىنى نەيزىلىدىم.

بۇ جۈملىلەردىن، قىرغىزلارنىڭ چىكلار ئارىسىدا نوپۇزىنىڭ بارلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

مويۇنچۇرنىڭ چىكلەرگە قارشى تۇنجى ئەسكىرىي يۈرۈشى 750 - (بارس) يىلىدا بولغان بولۇپ، يەنسەي دەرياسى بويىدا ئۇلارنى مەغلۇب قىلغانىدى:

**ئانچىپ بارس يىلقا چىك تاپا يورىدىم. ئەكىنتى ئاي تۆرت يىگىرمىكە كەمدە توقىدىم. ئول يىل ئول بودۇن ئىچىكتى⑥.**

تەرجىمىسى: شۇنداق قىلىپ بارس يىلىدا چىكلارغا قارشى ئەسكەر تارتتىم. ئىككىنچى ئاينىڭ ئون تۆتىدە كەمدە ئۇرۇشتۇم. ئۇ يىلى ئۇ خەلق ئەل بولدى. . .

چىكلارنىڭ مەغلۇبىيىتىدىن كېيىن، تەز بېشىدا قارارگاھىنى قۇرغۇزغان مويۇنچۇر قاغان بۇ يەردە مەڭگۈ تېشىنى يازدۇرۇشقا باشلىغان. 752 - يىلى ئۇيغۇرلارغا قارشى باشلانغان بىر ھەرىكەتتە يەنە چىكلار كۆرۈلىدۇ:

توقۇز ئوغۇز كۆپ بەگلەرى كەلتى. ئانتا يىمە ياراماتىن ياغىدۇ ئەرمىش. ئۈرۈڭ بەگىگ، قارا بۇلۇقىغ ئانى ئولۇرمۇش. قىرغىز تاپا ئەر ئىدمىش. «سىز تاشىقىڭ، چىكىگ تاشغارىڭ» تىمىش. «مەن تاشقايىن» تىمىش. «كۆز بود قال ئىدا قابىشالىم» تىمىش... توقۇز ياڭىقا سۆ يورىتدىم... تۆتۈق باشىنى چىك تاپا ىڭا ئىتدىم... چىك بودۇنىغ بىڭام سۈرۈپ كەلتى... چىك بۇدۇنقا تۆتۇق بىرتىم، ئىسباراس، تارقات ئانتا ئانچۇلادىم⑦.

تەرجىمىسى: توققۇز ئوغۇزلارنىڭ ھەممە بەگلىرى كەلدى. ئۇ يەردە يەنە ئىتائەت قىلىشماي يەنە دۈشمەن بولۇشۇپتۇ. ئۈرۈڭ بەگمۇ، قارا بۇلۇقمۇ ئۇ يەردە ئۆلتۈرۈپتۇ. قىرغىزلارغا ئادەم ئەۋەتىشىپ شۇنداق دەپتۇ «سىز چىقىڭ، چىكلارنى چىقىرىڭ» دەپتۇ. ئۇ «مەن چىقاي» دەپتۇ. «ئىتائەت قىل ۋە قەبىلە بولۇپ قال، ئورماندا بىرلىشەيلى» دەپتۇ... توققۇزىنچى كۈنى ئەسكەر چىقاردىم... تۇتۇق باشچىلىقىدىكى چىكلارغا قارشى مىڭ ئادەم ئەۋەتتىم... چىك خەلقىنى مىڭ كىشى سۈرۈپ كەلدى... چىك خەلقىگە تۇتۇق تەيىنلىدىم، ئىشبارالارنى، تارقانلارنى ئۇ يەردىلا تەيىنلىدىم.

بۇ قۇرلاردىن، ئۇيغۇرلارغا قارشى قوزغىلاڭنى توققۇز ئوغۇزلارنىڭ باشلىغانلىقىنى ۋە ئۈچ قارلۇقلارنىڭ باشلامچىلىق قىلغانلىقىنى؛ ئۈچ قارلۇقلارغا دەسلەپتە قىرغىز ۋە چىكلارنىڭ، كېيىن بولسا ئاپا ئىسى، تۈركەش ۋە باسمىللارنىڭ ئىشتىراك قىلغانلىقىنى كۆرىمىز.

چىكلارغا دائىر ئەڭ ئاخىرقى ئۇچۇر، چىك بىلگە چىغشى⑧ ئىسمى ئۇچرايدىغان مىران تېكىستىدۇر. ھەممىگە مەلۇم بولغاندەك، مىران تېكىستلىرى دۇنخۇاڭ رايونىدىن تېپىلغانىدى.

يۇقىرىقىلاردىن تۆۋەندىكىدەك خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇ: 8 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن كېيىنمۇ يەنسەي دەرياسىنىڭ شەرقىدە ۋە سايان تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدا ياشاۋاتقان چىكلار، گەرچە قىرغىزلارنىڭ بىر تارمىقى بولمىسىمۇ، قىرغىزلار بىلەن بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىدىغان بىر قەبىلە ئىدى. شۇنداقتىمۇ 10 - ئەسىرگىچە ئۆزلىرىنى ئۇيغۇرلارغا تەۋە دەپ قاراپ كەلگەن. 10 - ئەسىردىن كېيىن بۇ قەبىلىنىڭ نامى تارىختىن ئۆچكەن ياكى نامى ئۆزگەرگەن.

---

ئىزاھلار:

* دوكتور سائادەتتىن گۆمەچ ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتى تىل، تارىخ ۋە جۇغراپىيە ئىنستىتۇتى تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ ئومۇمىي تۈرك تارىخى پروفېسسورى.

① ئەسلى تېكستتە شۇنداق بېرىلگەن بولۇپ «سىپ»، «سىخ» دەپ ئوقۇلغان قەبىلە ئىسمىنىڭ خەنزۇچە قانداق يېزىلغانلىقى بېرىلمىگەن.

② ئىبراھىم كافەسئوغلۇ: «تۈرك مىللىي كۇلتۇرى»، 1983 - يىلى 2 - بېسىلىشى، ئىستانبۇل 177 - بەت؛ فارۇق سۈمەر: «ئوغۇزلار (تۈركمەنلەر) — تارىخى، قەبىلە تەشكىلاتى، داستانلىرى»، 1972 - يىلى 2 - بېسىلىشى، ئەنقەرە، 31 -، 32 - بەتلەر:

E. H. Parker, "Inscription de L'orkhon" journal of the China branc of the Royal

Asiatic Society, Vol. 31 (1896 — 97), Shanghai, P35.

ئۇيغۇر قاغانى مويۇنچۇرنىڭ چىكلارغا قارشى ئىككى قېتىم ئەسكىرىي يۈرۈش قىلىشى ۋە ئۇلارغا تۇتۇق، ئىشبارا، تارقانلارنى تەيىنلىشى؛ كىچىك باشبۇغلىرىنىڭ (باش قوماندانلىرىنىڭ) تۇتۇق ئۇنۋانىغا ئىگە بولۇشى قاتارلىق ئەھۋاللار، كىچىكلەرنىڭمۇ چىكلاردىن بولۇشى ئېھتىمالىنى ئوتتۇرىغا چىقارسىمۇ، ئەسكىرىي ئۇنۋان بولغان تۇتۇقنىڭ ئاز قاتارلىق نۇرغۇن قەبىلە ۋە قەۋملەر تەرىپىدىنمۇ ئىشلىتىلگەنلىكىنى ئۇنتۇماسلىق كېرەك.

③ ئابدۇلقادىر ئىنان: «ماقالىلەر ۋە تەتقىقاتلار»، 1987 - يىلى، 2 - بېسىلىشى، 4 -، 5 - بەت.

④ S. G. Clauson — E. Tryjarski. "The Inscription at Ikhe — Khushotu", Rocznik Orientalistyczny., 34/1, Wraszava 1971, P25.

بۇنىڭدىن باشقا ئىبراھىم كافەسئوغلۇنىڭ يۇقىرىقى ئەسىرى، 177 - بەت.

بىراق «ھۇدۇدۇل ئالەم» دە، كىمەكلەرنىڭ يۇرتى ئېرتىشنىڭ غەربىي تەرىپىدە ئىكەنلىكى خاتىرىلەنگەن. قاراڭ:

B. Minorsky, Hudud — al Alam, The region of The World a Persian Geography 372 A.H. 982 A.d., London 1937, P 304 — 310.

⑤ قاراڭ، «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى»، شەرقىي تەرىپى، 26.

⑥ قاراڭ: «شىنە ئۇسۇ مەڭگۈ تېشى»، شەرق تەرىپى، 7 - 8.

⑦ قاراڭ: «شىنە ئۇسۇ مەڭگۈ تېشى»، شەرق تەرىپى، 11 - 10.

⑧ قاراڭ: «مىران تىكىستلىرى»، A تەرىپى، 4 - 5 قۇرلار.

بۇ يادىكارلىقنى ستەين 1907 - يىلى مىران قەلئەسى خارابىلىرى ئىچىدىن تاپقان. بۇ قەلئە ستەيىننىڭ پىكرىگە قارىغاندا، تارىم ھاۋزىسىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىن دۈنخۇاڭغا ئۆتىدىغان يولنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن ياسالغان ئىكەن. بۇ يادىكارلىق ئۈچ قىسىم بولۇپ، «ئا» نۇسخىنىڭ يالغۇز بىر تەرىپىگىلا يېزىلغان بولسىمۇ، «ب» نۇسخىنىڭ ھەر ئىككى تەرىپىدە خەت بار. بۇلاردىن باشقا بۇ ھۆججەتنىڭ يەنە «س» نۇسخىسى بار. تېكىستلەر ئۈچۈن قاراڭ: ھۈسەيىن نامىق ئورخۇن «قەدىمكى تۈرك يادىكارلىقلىرى»، 2 - جىلت، ئىستانبۇل 1938 - يىل، 64 -، 67 - بەتلەر:

تۈركچە «تۈرك مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ ئومۇمىي 370 - سانىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلدى.

ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: رىزۋانگۈل مامۇت

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئورخۇن

# قاراقاشتا 1949 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە داۋام قىلغان ئەنئەنىۋى مائارىپ

مەمتىمىن نۇرى

(قاراقاش ناھىيە تۇزلۇقئوتاغ ئوتتۇرا مەكتىپىدىن)

مەن ئەقلىمگە كەلسەم، ناھىيىمىز قاراقاش بازىرى، بازار ئەتراپى ۋە يېقىن - يىراق يېزا - كەنتلەردە 30دەك چوڭ - كىچىك مەدرىسە - مەكتەپ بار ئىكەن. بۇ مەدرىسە - مەكتەپلەر ئوخشىمىغان دەۋرلەردە، مۇئەييەن سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي گۇرۇھقا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئايرىم شەخسلەر تەرىپىدىن بىنا قىلىنغان بولۇپ، كۆرۈنۈشىدىن خېلى ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى، پەقەت ناھىيە بازىرى ئىچىدىلا 20 دىن ئارتۇق مەدرىسە بار ئىدى. بۇلارنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى ھەر خىل ھەر شەكىلدە بولۇپ، تولاراقى ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ ئۆزگىچە گۈزەل ئۇسلۇبىنى نامايەن قىلىپ تۇراتتى. ئېگىز تاملىرى كۆك خىشتىن قوپۇرۇلغان، ئاسمانغا سوزۇلغان ھەيۋەتلىك پەشتاق مۇنارلىرى ئۈستىگە قوندۇرۇلغان ساپ كۈمۈشتىن ياسالغان ئاي - يۇلتۇز قۇياشنىڭ ئۆتكۈر نۇرىدا پارقىراپ - جۇلالىنىپ يىراقتىنلا كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى.

مەدرىسىنىڭ ئىچكى قۇرۇلۇشى — ئازادە سېلىنغان بىر قانچە يۈرۈش ئاخۇنلۇق (مۇدەررىسكە مەخسۇس) ئۆي، تالىپلار يېتىپ - قوپىدىغان بىر قانچە ئېغىز قاتار ھوجرا، مەدرىسىنىڭ غەرب تەرىپىگە جايلاشقان مەسچىت، مەسچىتكە يانداشتۇرۇپ سېلىنغان چادىر (دەرسخانا)، ئۆز زامانىسىنىڭ ياش تالىپلىرى بىلەن جانلانغان قاينام - تاشقىن ئىلمىي مۇھىت كىشىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى ئىختىيارسىز قوزغايتتى.

مۇدەررىسلەرنىڭ تەمىناتى مەدرىسىنىڭ ئەسلى بىنا قىلغۇچىلىرى تەرىپىدىن ۋەخپە قىلىنغان نۇرغۇن يەر - زېمىن، بىرنەچچە تاش تۈگمەن ۋە باشقا ماددىي ئەشيالاردىن كەلگەن كىرىمدىن تەمىنلىنەتتى. مەدرىسىنىڭ بىنا قىلغۇچىلىرى ۋە باشقا مەرىپەتپەرۋەر ساخاۋەتلىك بايلارنىڭ خالىسانە ھىممىتى بىلەن ۋەخپە قىلىنغان بىر قىسىم يەر - زېمىن ۋە باشقا ماددىي ئەشيالار بولۇپ، بۇ «خانەندىلىك ۋەخپە» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ پارىچە سۆز بولۇپ، «ئوقۇش ئۇچۇن» دېگەن لېكسىكىلىق



مەنىگە ئىگە، كۆچمە مەنىسى: تۇرمۇشتا تايانچىسىز، نامرات تالىپلارنىڭ تەمىناتى ئۈچۈن قىلىنغان ۋەخپە دېگەندىن ئىبارەت.

بۇ خىل ۋەخپە يەرلەرنى يېزا - كەنتلەردىكى يېرى يوق ياكى يېرى ئاز دېھقانلار يىللىق ئىجارىگە ئېلىپ، ھەر خىل زىرائەتلەرنى تېرىپ پايدىلىناتتى. مۇدەررىس ئالىم - ئۆلىمالارمۇ ئۆزىگە تەئەللۇق ۋەخپە يەرلەرنى دېھقانلارغا ناھايىتى ئەرزان باھادا سېتىپ بېرەتتى. دېھقانلارمۇ ئىجارە ھەققىنى يىلمۇ يىل ئۆز قەرەلىدە مۇدەررىس ئاخۇنۇملارغا تۆلەپ تۇراتتى. مۆتىۋەللىلەر (مەدرىسىنى بىنا قىلغۇچىلارنىڭ ۋارىسلىرى) دىن بىر ياكى ئىككى كىشى ۋاكالىتەن خانىدىلىك ۋەخپە يەرلەرنى باشقۇرۇپ، ئۇنىڭدىن كەلگەن پۇل ۋە ئاشلىقلارنى ۋاقتى - ۋاقتىدا نامرات تالىپلارغا مۇۋاپىق تەقسىملەپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ خاتىرجەم ئوقۇپ، ئىلىم تەھسىل قىلىشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاپ بېرەتتى.

قاراقاش بازىرىدا ئوقۇغۇچى - تالىپلارنىڭ نىسبەتەن كۆپلۈكى، دەرس ئۆتۈش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىچىلىكى ۋە ئىلىم تەھسىلاتىنىڭ كۈندىن - كۈنگە روناق تېپىشتەك ئەۋزەللىكى بىلەن شۆھرەت قازىنىپ، جامائەتچىلىكنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە خۇددى ماگنىتتەك تارتقان نۇقتىلىق مەدرىسىلەر بار ئىدى. بۇ مەدرىسىلەرنى تۆۋەندە قىسقىچە تونۇشتۇرىمەن:

1. ئويباغ مەدرىسە. بۇ قوش مەدرىسە بولۇپ، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە دەرۋازىلىرى بىر - بىرىگە ئۇدۇل قاراپ تۇرىدىغان ھەيۋەتلىك مەدرىسىلەر ئىدى.

مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسى ئەللامە ھەزرەت - نىسارى مەسئۇتخان داموللا ھەزرەت ئەينى زامانلاردا بۇخارادىكى ئالىي بىلىم يۇرتىدا ئوقۇپ، ئالىي سەنەد (دىپلوم) بىلەن ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن دەرس ئۆتۈشكە باشلىغان.

ئۇ زامانلاردا (1910 - يىللاردا) ئويباغ مەدرىسىسى ئىلىم - مەرىپەتنىڭ ئۇچقۇنىغا ئايلىنىپ، خوتەن ۋىلايىتىدىلا ئەمەس، شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىدىن تۈركۈم - تۈركۈملەپ تالىپلار كېلىپ بەس-بەستە ئىلىم تەھسىل قىلىشقا باشلىغان. داموللا ھەزرەت كۆزىنىڭ ئەمالىقىغا قارىماي، پۈتۈن ھاياتىنى دەرس ئۆتۈشكە بېغىشلاپ، سانسىزلىغان ئالىم - ئۆلىمالارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ، پۈتكۈل يۇرتقا ئىلىم نۇرىنى چاچقان.

مۇھەممەتئىمىن بۇغرامۇ مانا مۇشۇ ئويباغ مەدرىسىسىدە، داموللا ھەزرەتتە ئوقۇغانىدى.

مۇھەممەتئىمىن بۇغرانىڭ ئانىسى سەكىنە بانۇ خوتەن شەھەر ئىچى خەلىپىلىك ھويلا دېگەن مەھەللىدە مەرىپەتپەرۋەر ھاللىق ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن، بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن لوپ ناھىيە يۇرۇڭقاشتىنكى ئېگىز ئېرىق قازانچى مەھەللىسىدىكى پراۋۇدۇن ئاخۇن خەلپىتىم بىلەن نىكاھلىنىپ ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولغان. بۇلار بەش پەرزەنت (تۆت ئوغۇل، بىر قىز) كۆرگەن، پەرزەنتلىرىنىڭ ئەڭ چوڭى مۇھەممەتئىمىن ئاخۇن، ئىككىنچىسى بۈۋى مەريەمخان (ئابدۇلئەھەت مەخسۇمنىڭ ئانىسى)، ئۈچىنچىسى مۇھەممەت شېرىپ

ئاخۇن (كەسپىي تېۋىپ)، تۆتىنچىسى ئابدۇللائاخۇن (شاھ مەنسۇر)، ئەڭ كىچىكى نۇرەخمەت ئاخۇن (ئىمىر ساھىپ) لار ئىدى. بۇۋى مەريەمخان ئاكىسى مۇھەممەت ئىمىن ئاخۇن بىلەن بىللە ئويباغ مەدرىسىدە بىلىم ئالغان، «قۇرئان كەرىم» نى بىمالال تەپسىر قىلالايدىغان، ئۆز زامانىغا يارىشا زىيالىي ئايال ئىدى. مۇھەممەت شېرىپ ئاخۇن بولسا خېلى بۇرۇنلا تىبابەتچىلىك كەسپى بىلەن كورلىغا بېرىپ يەرلىشىپ، شۇ يەردە ئالەمدىن ئۆتكەن.

مۇھەممەت ئىمىن ئاخۇن 1915 - يىلدىن 1918 - يىلغىچە ئويباغ مەدرىسىسىدە ئوقۇپ، ئوقۇشنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، قولىغا شاھادەتنامە ئالىدۇ ۋە خوتەن شەھەر ئىچى خەلپىلىك ھويلىدىكى مەدرىسىگە مۇدەررىس بولۇپ تەيىنلىنىدۇ. بۇ چاغدا مۇھەممەت ئىمىن ئاخۇن بىر قانچە ئەسىرلەردىن بېرى داۋام قىلىپ كەلگەن ئوقۇش - ئوقۇتۇش جەھەتتىكى قالاق - قاتمال ئۇسۇلنى ئىسلاھ قىلىپ، ئوقۇتۇشتا تالىپلارغا پايدىلىق ۋە قولاي بولغان يېڭىچە تەدبىرلەرنى قوللىنىشقا باشلايدۇ، ئىسلاھات يولىدا چىڭ تۇرغانلىقتىن، بىر گۇرۇھ مۇتەئەسسىپ موللىلار قارشى چىقىپ، مۇھەممەت ئىمىن ئۈستىدە ھەر خىل ئۆسەك- ئىغۋالارنى تارقىتىدۇ. مۇھەممەت ئىمىن ئاخۇن كېيىن مۇھەممەتنىياز ئەلەم ئاخۇننىڭ تەشەببۇسى بىلەن قاراقاشقا يۆتكىلىپ كېلىپ، ئاۋۋال داۋاكۆلبېشى مەدرىسىسىگە، كېيىن كونا ئۆتەڭ بازىرى مەدرىسىسىگە مۇدەررىس بولىدۇ.

2. كونا ئۆتەڭ بازىرىدىكى مەدرىسە. مۇھەممەت ئىمىن بۇ مەدرىسىگە يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىن، تالىپلارنىڭ سانى بارغانسېرى كۆپىيىپ، ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا يېڭى، ياخشى نەتىجىلەر مەيدانغا كېلىشكە باشلايدۇ.

1930 - يىللاردا خوتەندە پارتلىغان دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ بۆشۈكى مانا مۇشۇ مەدرىسە ئىدى.

3. «ئاق مەدرىسە». بۇ مەدرىسە شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر شەخس — ئەپرۇزخان گۇڭىنىڭ تەشەببۇسى ۋە خىراجىتى بىلەن بىنا قىلىنغان. 1930 - يىللارنىڭ بېشىدىن تاكى 1949 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە دادام نۇراخۇنۇم مەزكۇر گوڭ - خوجىلارنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن مۇدەررىسلىك قىلىپ كەلگەن. يۇقىرىدىكى ئىككى مەدرىسىدىن قالسا، مەزكۇر مەدرىسىدە ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىق تالىپلار كۆپ ئىدى. دادام نۇراخۇنمۇ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئويباغ مەدرىسىسىنىڭ 2 - قارار تالىپلىرىدىن ئىكەن. داموللا ھەزرەت ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، 2 - ۋە 3 - قارار تالىپلار ئۇستاز داموللا ھەزرەتنىڭ ۋەسىيىتىگە بىنائەن مۇھەممەت ئىمىن ئاخۇن داموللىدا ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ شاھادەتنامە ئالغانىكەن.

4 - جۇۋا مەدرىسە. بۇ مەدرىسىمۇ

كۆلگە خوجىلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولۇپ، ئەينى يىللاردا بۇخارايى شېرىپتىكى نۇقتىلىق ئالىي بىلىم يۇرتلىرىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ كەلگەن قاراسايلىق ئۆلىما ئالىم داموللام مەزكۇر مەدرىسىگە باش مۇدەررىس، قاراقاش ناھىيىسىگە ئەلەم ئىدى.

ھەر قايسى مەدرىسىلەردىكى بىلىمى يۇقىرى، پېشقەدەم تالىپلار ئۆز ئۇستازىدىن دەرس ئۆگەنگەندىن سىرت، ئالىم داموللامنى پەخرىي ئۇستاز دەپ قاراپ، ئۇنىڭدىمۇ قوشۇمچە دەرس ئاڭلايتتى. بۇنىڭغا ئۆز ئۇستازلىرىمۇ ئىجازەت بېرەتتى.

5. يېڭى مەدرىسە ياكى ئەھمەت ھاجى بايۋەچچىنىڭ مەدرىسىسى. بۇ مەدرىسە زامانىغا خاس ئۆزگىچە مىللىي ئۇسلۇبتا سېلىنغان بولۇپ، ئاخۇنلۇق (مۇدەررىسلىك) ئۆي، مەسچىت، چادىر، ھوجرىلىرى ئازادە ھەم مەدەنىي ئىدى.

مەزكۇر مەدرىسلەرنىڭ بىرىگە ئابدۇللا داموللا، يەنە بىرىگە سەدىردىن ئاخۇنۇم مۇدەررىسلىك قىلاتتى، 40 ـ يىللاردىن بۇرۇن كىملەرنىڭ مۇدەررىس بولغانلىقىنى بىلمەيمەن.

خەتمە تويى (ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى)

كىچىك ۋاقتىمدا دادامنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، مەدرىسلەردە 1930 ـ يىللارنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا، بىلىمى مۇئەييەن باسقۇچقا يەتكەن بەش ـ ئون، يىگىرمە، ئوتتۇز ھەتتا 40تەك تالىپنىڭ خەتمە تويى يەنى ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلەتتى. مۇراسىم باھار ياكى ياز پەسلىنىڭ مەمۇرچىلىق ۋاقتىغا توغرىلىنىپ، شەھەر ئىچى ياكى سىرتىدىكى ساپ ھاۋالىق، كاتتا، گۈزەل باغلاردا تولۇق بىر كۈن، مۇدەررىس ـ ئۇستازلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئېلىپ بېرىلاتتى، بۇ مۇراسىمغا شەھەر ۋە يېزا ـ قىشلاقلاردىن ئۆلىمالار، مەھكىمە شەرئى ئاخۇنلىرى (ئەلەم، مۇپتى، قازى كالانلار)، يۇرت چوڭلىرى، مۆتىۋەر زاتلار كېلىپ قاتناشقاندىن سىرت، خەتمەكەردە (ئوقۇش پۈتتۈرگۈچى) تالىپلارنىڭ ئاتا ـ ئانا، جەددى ـ جەمەتى، قولۇم ـ قوشنىلىرى ئەھۋالىغا يارىشا، تاپقىنىچە سوۋغا — سالام ئېلىپ كېلىپ مۇراسىمغا قاتنىشاتتى، يىراق — يېقىندىن ئۆزلۈكىدىن كەلگەن دېھقانلارمۇ قىزغىن مۇلازىمەت قىلاتتى. ھەر خىل مېۋە كۆچەتلىرى قويۇق سايە تاشلاپ تۇرغان، كەڭ ـ ئازادە ـ پاكىز سەيناغا يېيىلغان رەڭدار زىلچا ـ گىلەم، گۈللۈك كىگىزلەر ئۈستىگە سېلىنغان كەڭ داستىخان خىلمۇخىل لەززەتلىك ئېسىل تائاملار ۋە تاتلىق ـ تۈرۈم مېۋىلەر بىلەن تولاتتى، بەرىكەت، توقچىلىق ھۆكۈم سۈرۈپ، ھەممە كىشىگە خۇشاللىق ئاتا قىلاتتى.

مۇراسىمنىڭ ئاخىرىدا مەھكىمە شەرئى ۋە مۇدەررىس تەرىپىدىن ئوقۇش پۈتتۈرگەن تالىپلارغا

(داۋامى 49 ـ بەتتە)

# «ئىلى قىزىل قاناتلىقلار» تەنتەربىيە ئۆمىكى

**توختى ئىبراھىم**

**(ئىلى ئوبلاستلىق مائارىپ ئىدارىسىدىن)**

1931 - يىلى 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ياپون باسقۇنچىلىرى جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالدىكى ئۈچ ئۆلكىسىنى بېسىۋالدى. جۇڭخوا مىللىتىنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈلپەتلەرنى ئېلىپ كەلگەن بۇ كۈن «18- سېنتەبىر ۋەقەسى» دېگەن نام بىلەن خاتىرىلەندى.

بىر قىسىم ئىلغار ۋەتەنپەرۋەر ياشلار بېشىنى ئىچىگە تىقىپ يۈرۈۋەرسە تېخىمۇ ئېغىر مۇنقەرزگە بوغۇلىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى-دە، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ئۆزلىرىنى كۈرەش جەريانىدا تاۋلاپ دۈشمەنگە كۈچ كۆرسىتىپ تاقابىل تۇرۇشقا بەل باغلىدى. ئۇ بولسىمۇ تەنتەربىيە مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈپ «18 - سېنتەبىر ۋەقەسى» نى خاتىرىلەش ئارقىلىق خەلقنى ئويغىتىپ كۈرەشكە چاقىرىشتىن ئىبارەت ئىدى.

ئاردىن ئۇزاق ئۆتمەي ياپونىيە كەڭ كۆلەملىك تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنى باشلىۋەتتى. ج ك پ نىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ۋەكىللىرى «18- سېنتەبىر» كۈنىنى پۈتكۈل شىنجاڭ تەۋەسىدە تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، ياۋۇز دۈشمەنگە قارشى كۈچ كۆرسىتىش كۈنى قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. تەرەققىيپەرۋەرلىك نىقابىغا ئورنىۋالغان شېڭ شىسەي بۇنى ماقۇللاشقا مەجبۇر بولدى.

ئۇقتۇرۇشقا بىنائەن ئۆلكىمىزنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيە ۋە شەھەرلىرىدە تەييارلىق خىزمەتلىرى باشلىنىپ كەتتى. ئىلى ۋىلايىتى بويىچە خەلقپەرۋەر، دېموكراتىك زات ياۋ سىلىڭنىڭ رىياسەتچىلىكىدە «ئىلى قىزىل قاناتلىقلار» كوماندىسى تەشكىل قىلىندى. كوماندا ۋالىي چېن يۈبەينىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۆز ئىشىنى باشلىۋەتتى. كوماندا - دارىلمۇئەللىمىن، ئىلى گىمنازىيىسى، رۇس، تاتار مەكتەپلىرى، ھەرقايسى ئىدارە، جەمئىيەتلەردىكى ياش ھەۋەسكارلار- دىن تەركىپ تاپقانىدى. كوماندىغا ئۇيغۇر، تاتار، رۇس، قازاق، شىبە، موڭغۇل، ئۆزبېك ۋە خەنزۇلاردىن بولۇپ 80 ماھىر ئەزىمەت قاتناشتى. بۇلارنىڭ 95پىرسەنتى مىللىيلار ئىدى. ئۇلار ئىچىدە ئەنۋەر (قازاق)، نائىل، ھاجى، ئىسرائىل، جېلىل، ئايتۇرغان، رەيقەت، مەسئۇت، ئارۇپ، ئىلھام، توختى قاتارلىق چېنىققان تەنتەربىيە ئەزىمەتلىرى بار ئىدى. ئۇيغۇر تىلىغا ماھىر، باشقا مىللەت تىللىرىنى راۋان چۈشىنىدىغان ۋاڭ پىڭ كوماندىنىڭ باش تىرېنېرى ئىدى، كۆرگەن ئادەم ئۇنىڭ

خەنزۇلىقنى بىلمەي قالاتتى. ھەممىمىزگە سوۋېت، ئىتتىپاقىدىن كەلتۈرۈلگەن تەنتەربىيە كىيىملىرى ۋە سايمانلىرى تارقىتىپ بېرىلدى. كىيىملەرنىڭ ئالدىغا كېرىلىپ تۇرغان قۇشنىڭ قانىتى قىزىل رەڭدە تىكىلگەنىدى. كوماندا شۇڭا «قىزىل قاناتلىقلار» دەپ ئاتالدى. بىزنىڭ تەييارلىغان تەنتەربىيە تۈرلىرىمىز 18 خىلدىن ئاشاتتى.

سىنتەبىر ئېيىمۇ يېتىپ كەلدى. ھەممىمىزنىڭ زوقىنى كەلتۈرگەن بۇ كوماندا ئىلى ۋە چۆچەك خەلقىنىڭ پەخرىگە ئايلاندى. مۇسابىقە تەييارلىقلىرىمۇ پۈتۈپ قالدى. 8 - سىنتەبىر ئەتىگەندە ياۋ سىلىڭ، ۋالىي چېن يۈبەي، مۇئاۋىن ۋالىي نەزەرخان خوجا ۋە ھېكىمبەگ خوجا، تەلئەت مۇسابايوف قاتارلىقلار نەق مەيداندا كوماندىنىڭ تەييارلىقلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى، تەييارلىقلىرىمىزدىن ئالاھىدە مەمنۇن بولۇپ ئالقىش ياڭراتتى.

كەچقۇرۇن ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز كۇلۇبىدا ئۇزىتىش زىياپىتى بېرىلدى. ياۋ سىلىڭ «شىنجاڭنى يېڭى شىنجاڭ قىلىپ قۇرۇپ چىقايلى» دېگەن تېمىدا نۇتۇق سۆزلەپ مۇنداق دېدى: «شىنجاڭ مۇشۇ ئولتۇرغانلارنىڭ ئانا تۇپرىقى، ھەر مىللەت قول تۇتۇشۇپ ئۆز زېمىنىنى گۈللەندۈرۈشى كېرەك. ھەممە مىللەت باراۋەر بولغان گۈزەل ئائىلىگە ئىگە بولۇشى كېرەك. ھەممىمىز جاسارىتىمىزنى ئۇرغۇتۇپ ياۋۇز دۈشمەنگە قارشى كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك. سىلەر مەن تاقاپ قويغان قانات بىلەن ئۈرۈمچىگە ئۇچۇپ بېرىپ، شەرەپ قازىنىپ يەنە شۇ قانىتىڭلار بىلەن ئېگىز ئۇچۇپ قايتىپ كېلىڭلار» دېگەندە مەيدان گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى بىلەن مۇزىكا ساداسىغا تولدى.

ئەتىسى يەنى 9 - سىنتەبىر كۈنى ۋالىي چېن يۈبەينىڭ يېتەكچىلىكىدە سوۋېت ماشىنىلىرىغا ئولتۇرۇپ يولغا چىقتۇق. ئۈچ كۈن يول يۈرۈپ 4 - كۈنى ئەتىگەندە ئۈرۈمچىگە يېتىپ باردۇق. ئۈرۈمچىنىڭ قىياپىتى غۇلجىنىڭكىگە ھەرگىز ئوخشىمايتتى. ئۈرۈمچى ئاسمىنىنى ئىس - تۈتەك قاپلىغاچقا نەپەس ئېلىش قىيىن ئىدى. بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن بۇ خىل ھاۋاغىمۇ كۆنۈپ قالدۇق. بىزنىڭ چۈشكەن يېرىمىز شەھەرلىك پېداگوگىكا مەكتىپى ئىدى. ئوقۇغۇچىلار ياتىقىنىڭ بىر قانچە ئېغىزىدا تاشكەنت ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرۈپ كەلگەن 3 - قارارلىق ئوقۇغۇچىلار خىزمەت كۈتۈپ تۇرغان ئىكەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى كاستيۇم - بۇرۇلكا كىيىپ گالىستۇك تاقىۋالغان بولۇپ، بىر دەقىقە ۋاقتىنىمۇ بىكار ئۆتكۈزمەي، ئىشقىلىپ كىتاپ كۆرۈش، ساز چېلىش، شاخمات، توپ ئويناش قاتارلىق ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولاتتى. ئۇلار بولۇپمۇ تورنىك، بىليارت ئويناشنى بەك ياخشى كۆرەتتى.

بىر قانچە كۈنلەر ئۆتكەندىن كېيىن بىزنىڭ ياتاقىقا بىر ئۇيغۇر زىيالىي كىرىپ كەلدى. ئۇ گەپ ئارىلىقىدا ئۆزىنىڭ قۇمۇللۇق ئىكەنلىكى، غۇلجىغا بېرىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش ئارزۇيىنىڭ بارلىقىنى سۆزلەپ بەردى. دەرۋەقە بۇ كىشى يىل ئۆرۈلۈشى بىلەن غۇلجىغا يېتىپ كېلىپ بىزگە ئوقۇتقۇچى بولۇپ قالدى. ئانا

بۇ كىشى كېيىنكى مەزگىللەردە ئىنقىلابنىڭ يولباشچىلىرىدىن بىرى بولغان ھەمدۇللا قۇربانوف دېگەن كىشى ئىدى.

17 - سېنتەبىر كېچە ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ تەنتەربىيە كوماندىلىرى ئۈرۈمچىگە كېلىپ بولدى. شۇ كۈنى شەھەر ئىچىدىكى «قارا بوتخانا» نىڭ چاڭچىلە قويۇدىغان سەھنىسىدە ئۆلكىلىك تەنتەربىيە ھەيئىتى بىلەن جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان تەنتەربىيىچىلەرنى قارشى ئېلىش يىغىنى ئېچىلدى. بوتخانا سەھنىسىگە بىر قانچە باشلىق پەيدا بولدى. 600گە يېقىن تەنھەرىكەتچىنىڭ كۆزى ئەنە شۇ كىشىلەرگە تىكىلگەنىدى. ئۇلارنىڭ كىملىكىنى سورىغىنىمىزدا بىرەيلەن بىزگە پىچىرلاپ «ئۇلار كومپارتىيىنىڭ ئادەملىرى، ئۇلار چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇ، دېڭ فا دېگەنلەر شۇ» دەپ جاۋاپ بەردى.

ئۆلكىلىك جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشمىنىڭ باش كاتىپى ۋاڭ ئەپەندى قارشى ئېلىش يىغىنىنىڭ باشلانغانلىقىنى جاكارلىدى. ماۋزېمىن خۇشخۇي تەبەسسۇم بىلەن نۇتۇق سۆزلىدى، ئۇنىڭ سۆزى قىزغىن قارشى ئېلىندى. يىغىن ئاخىرىدا ئېسىل كونسېرت قويۇلدى. شۇ كۈنلەردە ئۈرۈمچىدە «ئۇلۇغ داھى» غا چوقۇنۇشتەك قايناق كەيپىيات ئەۋجىگە چىققانىدى. بىگۇناھ ئادەملەر تۇتقۇن قىلىنىپ قاتتىق باستۇرۇش ئەۋجىگە چىققانلىقتىن ۋەھىمىلىك، سۈرلۈك كەيپىيات ئۈرۈمچى ئاسمىنىنى بىر ئالغانىدى.

17 - سېنتەبىر كۈن چىقىش بىلەنلا ئۈرۈمچى ئاسمىنىنى قاپلىغان ئىس - تۈتەكلەر تارقاپ ھاۋا ئېچىلدى. تەنھەرىكەتچىلەر تەييارلىق مانېۋىرى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ھەربىي مەكتەپ ئالدىدىكى كەڭ مەشق مەيدانىغا توپلاندى. ھەرقايسى تەنتەربىيە كوماندىلىرىنىڭ كىيىملىرى ئارىسىدا يەنىلا ئىلى كوماندىسىنىڭ كىيىملىرى ئالاھىدە كۆركەم ئىدى.

ئۆلكىلىك مۇسابىقە ھەيئىتىنىڭ رەئىسى ئابدۇللا داموللا، مۇئاۋىن رەئىس مىڭ يىمىڭلارنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ھەرقايسى تەنتەربىيە ئۆمەكلىرى ھەشەمەتلىك بېزەلگەن تەنتەربىيە مۇنبىرى ئالدىدىن ئۆتۈشكە باشلىدى. دۇخوۋوي ئوركېستىرنىڭ كەينىدىنلا قىزغىن ئالقىش سادالىرى ئىچىدە «ئىلى قىزىل قاناتلىقلار» ئۆمىكى ئۆتتى. سائەت 11دە تەييارلىق كۆرۈكى ئاخىرلاشتى. ئابدۇللا دامولا ھەيئەت نامىدىن تەنتەربىيە مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈش شارائىتىنىڭ تولۇق ھازىرلانغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

دەل شۇ پەيتتە غەرپ ئاسمىنىنى يېرىپ موسكۋادىن ئۇچۇپ كەلگەن ئايروپىلان ئۈرۈمچى ئاسمىنىنى بىر ئايلىنىپ كونا شەرقىي ئايرودرومغا قاراپ ئۇچۇپ كەتتى. بىز ئاسمانغا قاراپ ئۆرۈلغان چاۋاك ۋە ھۆررا سادالىرىنىڭ كىمگە ۋە نېمىگە قارىتىلغانلىقىنى بىلمەي ھاڭ - تاڭ قالدۇق. ئۇلار: «ئۇلۇغ داھىمىز دۇبەن جاناپلىرى ياشىغاي، تۈمەن مىڭ يىللار ياشىغاي، سىزنىڭ سالامەت قايتىپ كەلگەنلىكىڭىزنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز» دېگەن ئەسەبىي ئاللا - چۇقانغا قاراپ ئاندىن ئايروپىلاندا كىمنىڭ بارلىقىنى بىلدۇق. پاراتقا قوماندانلىق قىلىۋاتقان ھەم كۆزدىن

كۆچۈرۈۋاتقان ئەمەلدارلار ماشىنىغا ئولتۇرۇپ پەرىشان ھالدا ئايرودروم تەرەپكە كېتىپ قالدى.

ئەسلىدە شىڭ شىسەي 8 - ئاينىڭ ئاخىرى مەخپىي ھالدا كرېملىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن موسكۋاغا كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ستالىن بىلەن قىلغان خۇپىيانە سىياسىي سودىسى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، گۈزەل بىر رۇس قىزىنى ھەمرا قىلىپ قايتىپ كەلگەنىكەن.

1938 - يىلى 18 - سېنتەبىر كۈنى زەمبىرەك، قوشغۇراق ئاۋازلىرى بىلەن سۈرلۈك قىياپەتكە كىرگەن تەنتەربىيە مەيدانىدا 30 نەچچە ئۆمەكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 600 دىن ئوشۇق تەنھەرىكەتچى سەپ تۈزۈپ مەيدان ئالدىدا ھازىر بولدى. ئۇن مىڭلىغان تەنتەربىيە مەستانىلىرى، ئوقۇغۇچىلار مەيدان ئەتراپىغا توپلاندى. 90 مېتىردىن ئاشىدىغان ھەشەمەتلىك بېزەلگەن مۇنبەردىن ھەرقايسى نازارەتنىڭ نازىرلە- رى، ئىدارە- جەمئىيەت مەسئۇللىرى، ئۆمەك باشلىقلىرى، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق كومپارتىيە مەسئۇللىرى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى، گېنېرال ئانتونوف قاتارلىقلار ئورۇن ئالغانىدى.

سەھنە ئالدىغا كېلىپ توختىغان قارا پىكاپ ئىچىدىن ئىككى پۈتىدىن ئايرىلغان مىڭ يىمىڭنى بىر ئادەم ھاپاش قىلىپ سەھنىگە ئېلىپ چىقتى.

ئەتىگەن سائەت توققۇزدا شىڭ شىسەي مەيدانغا كىرىپ كەلگەندە ئۇنىڭ شەرىپىگە مەدھىيە شوئارلىرى، ئالقىش سادالىرى ياڭراپ كەتتى. ئۇ مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ قورشاۋىدا بولغاچقا ئاسانلىقچە كۆرگىلى بولمايتتى.

ئەپسۇسلىنارلىق يېرى شۇكى، يېڭى دەۋر روھىدا تونجى قېتىم ئۆتكۈزۈلگەن بۇ مۇسابىقە مۇنبىرىدە خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان زاتلاردىن خوجا نىياز ھاجى، قۇربان مۇھىتى، گېنېرال بېكتېيوف، مۇھەممەدىن ئەزىزى، شەرىپخان تۆرە، يۇنۇسبەگ، ئەزىز مۇھىتى، تۇردى ئاخۇن باي، موللا ھېلىم شەنجاڭ قاتارلىق كىشىلەر كۆرۈنمەيتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى جاللات شىڭ شىسەي چوڭ تازىلاشتا ئۆجۈقتۇرۇپ بولغان ئىكەن، شۇڭا سەھنىدە پەقەت ئابدۇللا داموللا قاتارلىق بىر نەچچىلا مىللىي رەھبەر چۆكمەلەپ يۈرەتتى.

«ئۇلۇغ داھى» شىڭ دۈبەن ئالقىش سادالىرى ئىچىدە سەھنىدىن ئورۇن ئالغاندىن كېيىن، مۇسابىقە باش قوماندانى ئابدۇللا ئەپەندىم يىغىننىڭ ئېچىلغانلىقىنى جاكارلىدى. «پىدائىيلار» ناخشا - مۇزىكا ساداسى ياڭراپ پوجاڭزىلار ئېتىلدى. قىزىل تاغ ئۈستىگە ئورنىتىلغان سالىيوت توپىدىن چىققان ئاۋاز ئۈرۈمچى ئاسمىنىنى زىل زىلىگە كەلتۈردى. ئالقىش سادالىرى ئىچىدە مۇئاۋىن باش قوماندان مىڭ يىمىڭ قىسقا نۇتۇق سۆزلەپ ئاخىرىدا «ياپون ئالۋاستىلىرىغا قارشى يۈرۈش قىلايلى» دەپ شوئار توۋلىدى. ئۇنىڭ سۆزى غەزەپلىك شوئارلار بىلەن بۆلۈنۈپ تۇردى.

تەبرىك سۆزلىرى تۈگىگەندىن كېيىن ھەرقايسى ئۆمەكلەر ئوركېستىرنىڭ باشچىلىقىدا پاراتتىن ئۆتتى. ئارقىدىن ئۆلكىلىك تىياتىر ئۆمىكىنىڭ ھەر مىللەتكە سىمۋول قىلىنغان ناخشا- ئۇسسۇللىرى

مەيداننى جانلاندۇرۇۋەتتى. چۈشتىن كېيىن تەنتەربىيە مۇسابىقىسى رەسمىي باشلاندى. مۇسابىقە بەش كۈن داۋام قىلدى. 26 تۈردە ئېلىپ بېرىلغان مۇسابىقە «ئېلى قىزىل قاناتلىقلار» كوماندىسىنىڭ تولۇق غەلىبىسى بىلەن ئاياغلاشتى. كوماندىمىز مۇسابىقىنىڭ ھەممە تۈرلىرىدە چېمپىيونلۇقنى قولغا كەلتۈردى. مۇسابىقە غەلىبە شاتلىقىنى نامايەن قىلىدىغان ئاخىرقى باسقۇچقا كىردى. بىرقانچە يۈز ئەمەلدار ۋە جەمئىيەت ئەربابلىرىنىڭ شىڭ شىسەينى ئارىغائالغان ھالدىكى 200، 400، 500 مېتىر ئارىلىقلار بويىچە يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى قايناپ كەتتى. «قان- قەرز ئۈچۈن يۈگۈرەيلى»، «ياپونغا قارشى جازا يۈرۈشى قىلايلى» دېگەن شۇئارلار ياڭراپ تۇردى.

چىرايىنىڭ قېنى قېچىپ ساپسېرىق تاتىرىپ كەتكەن شىڭ شىسەي 1 - بولۇپ پەللىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ ئامالسىز چېلىنىۋاتقان چاۋاكلار بىلەن روھلاندۇرۇشقا مۇيەسسەر بولۇپ تۇردى. ئۇ بىر ئەپيۈنكەش بولغاچقا، ھالىدىن كېتىپ قالاي دېگەندە ئىككى مۇھاپىزەتچىسى قولتۇقىدىن يۆلىۋالدى، ئۇ يانچۇقىدىن دورىسىنى ئېلىپ ئاغزىغا سېلىۋالدى.

مەيداندىكى تاماشىبىنلارنىڭ كۆزى ئۇنىڭغا تىكىلگەنىدى. بىز بىلەن قول ئېلىشىپ تەبرىكلەۋاتقانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. مەيدىلىرىمىز مېدال، خاتىرە ئىزناكلار بىلەن تولغانىدى. نائىل، ئايتۇرغان، ئەنۋەر، جېلىل، رەپقەت قاتارلىقلار چېمپىيونلۇققا ئېرىشتى. كوماندىمىزغا بېرىلگەن مۇكاپات بۇيۇملىرىمۇ كۆپ بولدى. قىزلار گۈلدەستىلەرنى ئالدىمىزغا تاشلاپ تۇردى.

بىز ئەنە شۇنداق غەلىبە شاتلىقى ئىچىدە ياتاققا قايتىپ كەلدۇق. ئۆگۈنلۈكى نامازدىگەر ۋاقتىدا شىڭ شىسەينىڭ مۇھاپىزەتچىلەر باشلىقى لى رۇڭ (بۇ كىشى ئىلگىرى غۇلجىدا ياۋ سىلىڭنىڭ مۇھاپىزەتچىسى بولغان) پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇنى كۆرۈپ ھەممىمىز ئەندىشىگە چۈشۈپ قالدۇق. ئۇ ۋالىي چېن يۈبەي بىلەن بىللە ئىدى. ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ قېنى قاچقانىدى. چېن يۈبەي: «ئۇلۇغ داھىمىز دۇبەن جاناپلىرى بۈگۈن بىزنى ئالاھىدە زىياپەتكە تەكلىپ قىپتۇ» دېگەندىلا ئاندىن ھەممىمىزنىڭ يۈرىكى ئىزىغا چۈشتى. كەچقۇرۇن رەتلىك تىزىلىپ دۇبەن مەھكىمىسىگە كەلسەك بىر قانچە مۇھاپىزەتچى بىزنى ساقلاپ تۇرغان ئىكەن. ئۇلار بىزنى غەربىي زالنىڭ شەرقىگە جايلاشقان بىر قەۋەت كەڭ مېھمانخانىغا باشلاپ كىردى. ھەممىمىز كوماندىغا بويسۇنۇپ رەتلىك، ئەدەپلىك ئولتۇردۇق. پولكوۋنىك لى XX نىڭ دىرىژورلۇقىدا «پىدائىيلار مارشى» نى ياڭراتتۇق.

شىڭ شىسەي تەرجىمان خەمىت ھەكىمنىڭ ھەمراھلىقىدا زالغا كىرگەندە ھەممىمىز ئورنىمىزدىن تۇرۇپ چاۋاك چالدۇق. ئۇ ھەربىي كىيىم كىيىپ، گېنېرال پولكوۋنىكلىق پاگونى تاقىۋالغانىدى. مەيدىسىگە قانداقتۇر «قىزىل يۇلتۇز ئوردېنى» غا ئوخشاش سوۋېت ئىتتىپاقى ئوردېنىدىن بىرنى تاقىۋالغانىدى.

ئۇ ھەربىي شىنېلنى يېپىنچاقلىغان پېتى ئورۇندۇق ئۈستىگە چىقىپ، خەمىت ھەكىمنى «سىزمۇ ئورۇندۇققا چىقىڭ»

دەپ شەرەت قىلىسمۇ، ئۇ كىشى ئەيمىنىپ چىققىلى ئۇنىمىدى. ئۇ «مەن ئۆز ئۆمرۈمدە نۇرغۇن مۇسابىقىلەرنى كۆرگەن ۋە قاتناشقان بولسامۇ لېكىن سىلەردەك ھەممە تۇردە يېڭىلىق ياراتقان ئەزىمەتلەرنى كۆرمىگەنلىكىمنى ئىقرار قىلماي تۇرالمايمەن. سىلەر ئۆزەڭلارنىڭ يۈكسەك شىجائىتىڭلار ۋە نەتىجەڭلار بىلەن ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا كۈچ كۆرسەتتىڭلار، سىلەرنىڭ بۇ غەلىبەڭلاردىن چەكسىز سۆيۈندۈم. سىلەر ھەتتا بېرلىن ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ بىر قانچە رېكورتلىرىنى بۇزۇپ تاشلىدىڭلار. ئەگەر جۇڭخۇا ئوغۇل - قىزلىرى سىلەرنىڭ ئىزىڭلار بىلەن ئىلگىرىلەيدىغان بولسا ھەرقانداق قۇدرەتلىك كۈچمۇ بىزگە تەڭ كېلەلمەيدۇ. سىلەر ئۆز يۇرتۇڭلارغا قايتىپ بارغاندا، ئالتە بۈيۈك سىياسەت، نىڭ يېتەكچىلىكىدە ھەر مىللەت ياشلىرىنى تەنھەرىكەت بىلەن تاۋلاپ يېتىشتۇرۇشۇڭلار-نى تەۋسىيە قىلىمەن» دەپ سۆزلىدى. بىز ھەممىمىز ئورنىمىزدىن تۇرۇپ ۋاڭ ترېنېرنىڭ يېتەكچىلىكىدە «داھى» نىڭ تاپشۇرۇقىنى ئورۇنداشقا قەسەم بەرگەن بولدۇق.

بىز شەرەپ بىلەن غۇلجىغا قايتقىنىمىزدا ئارىمىزدا ۋالىي چېن يۈبەي كۈتۈۋالدى. بىزنى ئۈچ دەرۋازا ئالدىغا يىغىلغان ھەر مىللەت خەلق ۋەكىللىرى، مەكتەپ، ئىدارە، ئورگان ۋە جەمئىيەتتىن بولۇپ بىر قانچە يۈز كىشى كۈتۈۋالدى. ماشىنىدىن چۈشكىنىمىزدە مەيدىلىرىمىزدە شاراقلىغان مېدال ئاۋازى مەيداننى بىر ئالغانىدى.

ئەتىسى ياۋ سىلىڭ بىلەن مۇئاۋىن ۋالىي نەزەرخان خوجىلار كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈپ بىزنى داغدۇغىلىق كۈتۈۋالدى. ياۋ سىلىڭ «سىلەر ئىلىدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە شان - شەرەپ ئېلىپ كەلدىڭلار، ھەتتا كۈتكەن ئۈمىدىمىزدىن ئارتۇق شەرەپ قازاندىڭلار. ئىلىنى پۈتكۈل ئۆلكە خەلقىنىڭ قەلبىگە ماكانلاشتۇردۇڭلار، ئاتا-ئانىڭلارنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىدىڭلار. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياپون ئالۋاستىلىرىغا قارشى روھىنى نامايەن قىلدىڭلار، شان - شەرەپ سىلەرگە مەنسۇپ» دەپ قەدەھكە تەكلىپ قىلدى. «پېشىۋايىمىز ياۋ سىلىڭغا شان - شەرەپلەر بولغاي» دېگەن شوئارنى ياڭرىتىپ ھەممىمىز قەدەھلەرنى كۆتەردۇق.

شۇنداق قىلىپ ۋىلايىتىمىزدە تەنتەربىيە پائالىيىتى يېڭى دەۋرگە قەدەم قويدى. بىراق شۇ غەلىبە شاتلىقىنىڭ ئەكسىچە جاللات شېڭ شىسەي چېن ۋالىينى ئۆلتۈرۈۋەتتى. شۇ يىلى يەنە غۇلجا بويىچە چوڭ قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈپ ياۋ سىلىڭ، نەزەرخان خوجا، گىمنازىيە ۋە پېداگوگىكا مەكتىپىنىڭ مۇدىرى گاۋ XX، ئۇيغۇر ئۇيۇشما رەئىسى ئەخمەتخان، داموللا جاللاپ، تېيىپ زات خەلپىتىم قاتارلىق بىر قانچە يۈز دېموكراتىك زات ۋە ئەلسۆيەر رەھبەرلەرنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئورۇمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن داغدۇغىلىق تەنتەربىيە پائالىيىتىنىڭ روھىنى دەپنە قىلىۋەتتى.

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئورخۇن

# قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان روھ

— مەرھۇم سەيدۇللا سەيپۇللايوفنى ئەسلەپ

غوجائەخمەت يۇنۇس

(ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتىدىن)

مېنىڭ سەيدۇللا سەيپۇللايوف ئاكا بىلەن تۇنجى قېتىم دىدار كۆرۈشۈپ پاراڭلاشقان ۋاقتىم 1997 - يىلى 7 - ئاينىڭ باشلىرىدا بولدى. مەن بۇ پېشقەدەم رەھبەر ۋە جامائەت ئەربابىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ۋە ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدىن تارتىپ ئىشلىگەن رەھبەرلىك خىزمەتلىرى ھەم ئەگرى - توقاي كەچۈرمىشلىرىدىن خەۋەردار بولغان، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ 1996 - يىللىق 2 - سانىغا بېسىلغان «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر ئىككى مەسىلە» ناملىق ماقالىسىنى تەھرىرلەش داۋامىدا تېلېفون ئارقىلىق بىرنەچچە قېتىم سۆزلەشكەن بولساممۇ، يۈز تۇرانە پاراڭلىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىغانىدىم. شۇ قېتىمقى كۆرۈشۈش بىزنىڭ ئارىمىزدا بولۇپ ئۆتكەن بىر قاتار ئۇچرىشىش ۋە پىكىر ئالماشتۇرۇشلارغا يول ئېچىپ بەردى، سەيپۇللايوف ئاكىنىڭ كىچىك پېئىللىقى، تارىخ ئالدىدا مەسئۇل بولۇشتەك قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان روھى مېنىڭدا ئۆچمەس تەسىرات قالدۇردى.

1997 - يىلى 7 - ئاينىڭ باشلىرىدا جوڭگو ئۇيغۇر تارىخى - مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتى شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ 2 - قەۋەت يىغىن زالىدا ئۇرۇمچىدىكى بىر قىسىم زىيالىيلارنى تەكلىپ قىلىپ، جەمئىيەتكە ئەزا قوبۇل قىلىش ۋە تۇنجى نۆۋەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا تەييارلىق كۆرۈش قاتارلىق ئىشلار ئۈستىدە يىغىن ئۆتكۈزدى. مەنمۇ بۇ يىغىنغا تەكلىپ بويىچە قاتناشتىم. ئۇ چاغدا سەيدۇللا سەيپۇللايوف ئاكا مۇشۇ جەمئىيەتنىڭ باشلىقى ئىدى. مېنىڭ بۇ ئەھۋالدىن خەۋىرىم بولغاچقا، تېخى يېقىندىلا يېزىپ پۈتتۈرگەن «ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى ۋە ‹كۈرەش› ژۇرنىلى» ناملىق ماقالەمنى شۇ يىغىنغا ئالغاچ بارغانىدىم، مەن يىغىن داۋامىدا پۇرسەت تېپىپ، ماقالەمنى سەيپۇللايوف ئاكىغا كۆرسىتىپ، ئەينى ۋاقىتتا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، رەئىسى ۋە «كۈرەش» ژۇرنىلىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى بولغان (ئەينى ۋاقىتتا شۇنداق دەپ ئاتالغان، ئەمەلىيەتتە، باش مۇھەررىرى ئىدى) بۇ ئادەمنىڭ پىكرىنى ئالماقچى ئىدىم.

يىغىن ئارىلىقىدىكى دەم ئېلىش ۋاقتىدا شېرىپ خوشتار ئەپەندىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن، ماقالەمنى سەيپۇللايوف ئاكىغا بەردىم.

ـ هازىر سالامەتلىكىم تازا ياخشى ئەمەس، ـ دېدى ئۇ ماقالىنى قولىغا ئېلىپ، ـ كۆزۈمنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلاپ كەتتى، قولۇممۇ قەلەم تۇتۇشقا قولاشماي قېلىۋاتىدۇ. شۇنداقتىمۇ بۇ ماقالىڭىز مەن ئارىلاشقان ئىشلارغا ئالاقىدار ماقالە ئىكەن، بىر ئامال قىلىپ كۆرۈپ بېرەي.

ئارىدىن ئون كۈنچە ۋاقىت ئۆتۈپلا شېرىپ خوشتار ئاكا ماڭا تېلېفون بېرىپ، سەيپۇللايوف ئاكىنىڭ ماقالەمنى كۆرۈپ چىقىپ بەزى پىكىرلىرىنى يازغانلىقىنى، ماقالە هازىر ئۆزىنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. مەن دەرھال بېرىپ، شېرىپ خوشتار ئاكىدىن ماقالىنى ۋە سەيپۇللايوف ئاكىنىڭ يازغان پىكىرلىرىنى تاپشۇرۇۋالدىم.

سەيپۇللايوف ئاكا ماقالەمنى ئەستايىدىللىق بىلەن تەپسىلىي كۆرۈپتۇ. ئۇ ماڭا يازغان ئىككى بەتلىك خېتىدە مۇنداق دەپ يازغانىدى:

«يولداش خوجائەھمەت!

ماقالىڭىزنى كۆردۈم. يېزىم ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىتتىن ئىلگىرىكى ئىشلار بولغاچقا، بەزى ئىشلارنى ئەسلەشمۇ تەس. شۇنداق بولسىمۇ، مۇنۇ پىكىرلىرىمنى ئېيتىپ ئۆتسەم، ئويلىشىپ كۆرەرسىز.

(1) كونكرېت بىرنەچچە پىكىرلەرنى ئايرىم قەغەزگە يازدىم، زۆرۈر بولغان تۈزىتىشلەرنى بېرەرسىز.

(2) ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ تۈت ماددىسىنى (ۋەزىپىسى بابىدىن) كىرگۈزۈپسىز، بۇنىڭغا ئۇلاپلا شۇ تۆت ماددا ئىچىدىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى يېشىپ، بىرنەچچە بەت قوشۇپ يازسا بولماسمۇ؟ مەسىلەن: «خەلقچىللىق»، «ئىلغار كۈچ» دېگەن سۆزلەر نېمە ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن؟ ئۇ ۋاقىتتا جەمئىيەت ئەھۋالى قانداق؟ ئۈچ ۋىلايەتتىكى كۈچلەر سېلىشتۇرمىسى قانداق؟ دېگەن مەسىلىلەر يېزىلسا، ياخشىراق بولاتتى، دەپ ئويلىدىم.

(3) يەنە بىر تەكلىپىم: ياشلار تەشكىلاتىنىڭ نىزامنامىسى ۋە «كۈرەش» ژۇرنىلىدىكى ئاساسىي ماقالىلەرگە ئاساسەن ئۈچ ۋىلايەتنىڭ سىياسىتى ۋە ئىشلىرى تەھلىل قىلىنغان هالدا نەزەرىيە جەھەتتىن تەھلىل قىلىنغان مەخسۇس بىر ماقالە يېزىپ چىقىشنى ئويلاپ كۆرۈشىڭىزنى تەكلىپ قىلىمەن ياكى بۇ ماقالىغا بۇ مەزمۇننى كىرگۈزۈپ، ماقالىنى كېڭەيتىشىڭىزمۇ بولىدۇ.

سالام بىلەن: س . سەيپۇللايوف
17 . 7 . 1997»

سەيپۇللايوف ئاكا ئۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ ماقالەم ئۈستىدە ئىككى بەتلىك پىكىر يېزىپتۇ. بۇ پىكىرلەردە ماقالەمدە كۆرۈلگەن بەزى نۇقسانلار كۆرسىتىپ بېرىلگەنىدى. مەسىلەن: مەن ماقالەمدە «ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ئىلى ۋىلايەتلىك 1 ـ قۇرۇلتىيى 1947 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى چاقىرىلدى، قۇرۇلتاي يەتتە كۈن داۋام قىلدى» دەپ يازغانىدىم، سەيپۇللايوف ئاكا پىكرىدە «يىغىن ۋاقتى يەتتە كۈن ئەمەس ئىدى (مۇنداق كۆپ يىغىن ئاچمايتتۇق)» دەپ يېزىپتۇ؛ مەن ماقالەمدە

«قۇرۇلتاي ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىدىن ئۈچ ۋىلايەتتە ئاشكارا تەشكىلىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ۋە خىزمەت ئىشلەشنى تەلەپ قىلدى» دەپ يازغانىدىم، سەيپۇللايوف ئاكا پىكرىدە «ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى ئۈچ ۋىلايەتتە ئەسلى ئاشكارا تەشكىلات ئىدى» دەپ يېزىپتۇ؛ مەن ماقالەمدە «1947 - يىلىنىڭ بېشىغا كەلگەندە، ش ت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ مەركىزىي كومىتېتىدا ئاز - تولا ئۆزگىرىش بولدى» دەپ يازغانىدىم، سەيپۇللايوف ئاكا پىكرىدە «بۇ ئىش 1946 - يىل ئاخىرىدا بولغانمۇ ياكى 1947 - يىلدىمۇ؟ ئەسلىيەلمىدىم. ئەڭ ياخشىسى ،تىنچلىق بىتىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن. . .، دەپ ئېلىنسا» دەپ يېزىپتۇ؛ مەن ماقالەمدە، 1948 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى قۇرۇلغانلىقىنى، شۇ يىلى 12 - ئايدا ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى مۇشۇ ئىتتىپاق بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئىتتىپاقنىڭ ياشلار تەشكىلاتى بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلگەنلىكىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، «ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى ئىتتىپاقنىڭ ئەزالىقىغا ئۆتتى» دەپ يازغانىدىم، سەيپۇللايوف ئاكا پىكرىدە «گەپ ،ئىتتىپاقنىڭ ياشلار تەشكىلاتى بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى، دەپلا توختىتىلسا، چۈنكى، بەزىلەر ئىتتىپاققا ئۆتسىمۇ، بىر قىسمى يەنە ياشلار تەشكىلاتى (ئىتتىپاقنىڭ ياشلار بۆلۈمى رەھبەرلىكىدىكى ياشلار تەشكىلاتى) ئەزاسى بولۇپ قالدى» دەپ يېزىپتۇ ۋە پىكرىنىڭ ئاخىرىدا «ژۇرنالدىن كۆرۈپ يازغانلىرىڭىز توغرا بولۇشى مۇمكىن، باشقا ماتېرىياللاردىن ئالغىنىڭىزنىڭ ئېنىقراق بولۇشىغا دىققەت قىلسىڭىز ياخشى بولىدۇ» دەپ ئەسكەرتىپتۇ.

مەن بۇ ماقالەمنى سەيپۇللايوف ئاكىنىڭ كۆرۈپ بېرىشىگە سۇنغان ۋاقتىمدا، ماقالىگە قوشۇپ «كۆرەش» ژۇرنىلى تەھرىر ھەيئىتى ئەزالىرى ۋە ژۇرنالغا ئەسىرى بېسىلغان ئاپتورلار ئىچىدىكى ئىسمى يالغۇز ھەرپ بىلەن قىسقارتىلىپ يېزىلغان بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ تىزىملىكىنى بېرىپ، سەيپۇللايوف ئاكىدىن ئۇلارنىڭ ئىسىم - فامىلىسىنىڭ تولۇق يېزىلىشىنى يېزىپ بېرىشىنى سورىغانىدىم، سەيپۇللايوف ئاكا «ت . تاھىرى»نى «تېيىپزات خەلپەت تاھىرى» دەپ، «ي . سىدىق»نى «يۈسۈپجان سىدىق» دەپ، «ت . ئىبراھىم»نى «توختى ئىبراھىم» دەپ، «ي . كېرىم»نى «يۈسۈپ كېرىم» دەپ، «م . ئوسمانى»نى «مىرسۇلتان ئوسمانى» دەپ، «ت . قاھھارى»نى «تۇرسۇن قاھھارى» دەپ، «ت . دەريا»نى «تۇرسۇن دەريا» دەپ، «ن . ھەسەن»نى «ناسىر ھەسەن» دەپ، «ھ . ناسىروف»نى «ھۈسەيىن ناسىروف» دەپ، «خ . تالىپ»نى «خۇدابەردى تالىپ» دەپ، «د . تۇرەخمەتوف»نى «داۋۇت تۇرەخمەتوف» دەپ، «ئا . ئىمىنوف»نى «ئابدۇرېشىت ئىمىنوف» دەپ ئىزاھلاپ يېزىپ بېرىپتۇ.

مەن سەيپۇللايوف ئاكىنىڭ ماڭا يازغان خېتى ۋە ماقالەم ھەققىدىكى پىكىرلىرىنى ئوقۇپ، ئۇنىڭ تارىخ ئالدىدا مەسئۇل بولۇش، تارىخىي چىنلىققا ئەھمىيەت بېرىش

روھىدىن قاتتىق تەسىرلەندىم ۋە بېرىلگەن پىكىرلەر ئاساسىدا ماقالەمنى قايتىدىن كۆرۈپ چىقىپ، مۇناسىۋەتلىك جايلىرىنى تۈزىتىپ، «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە ئەۋەتىپ بەردىم. بۇ ماقالە «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىنىڭ 1997- يىللىق 5 - سانىغا بېسىلدى.

سەيدۇللا سەيپۇللايوف ئاكا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دەسلەپىدىن تارتىپ قاتنىشىپ، ھەر خىل مەسئۇل خىزمەتلەرنى ئۈستىگە ئېلىپ ئىشلىگەن. 1992 - يىلى 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخى»نى يېزىش گۇرۇپپىسىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىكى ۋەقەلەر ۋە ئالاقىدار شەخسلەر توغرىسىدا سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بەرگەن. شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخىنى يېزىش - تەھرىرلەش كومىتېتى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ، 1995 - يىلى 8 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» ناملىق كىتابنى ئاغزاكى ماتېرىيال ۋە يازما ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئەتكەن. ئۇ بۇنىڭدىن باشقا يەنەھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، تارىخ ئالدىدا مەسئۇل بولۇش روھى بىلەن «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىدا «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا» (1994 - يىللىق 4 - سان)، «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر ئىككى مەسىلە» (1996 - يىللىق 2 - سان)، «مەن شاھىت بولغان بەزى ئىشلار» (2001 - يىللىق 2 -، 3- سانلار)، «ئەمەلىيەت، مۇ ياكى توقۇلما، مۇ؟» (2003 - يىللىق 2 - سان) قاتارلىق ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر بەزى مەسىلىلەرنى ئوقۇرمەنلەرگە يورۇتۇپ بەرگەن. جۈملىدىن ئۇ «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىدە «ئازادلىق تەشكىلاتى»نىڭ قۇرۇلۇشى، غۇلجا شەھىرىنىڭ ئازاد قىلىنىشى، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىل قىلىنىشى، ئۈچ ۋىلايەت دەۋرىدىكى دىني مەسىلە، ئۈچ ۋىلايەتتە پانتۈركىزم ھەرىكىتى بولمىغانلىقى، خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسىگە مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللار، ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدائوينىغان رولى، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ تىنچلىق بىتىمى ئىمزالىشىدىكى سەۋەب، تۇرپان قوزغىلىڭىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى يولغا قويغان مىللىي سىياسەتلەر قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە بىرمۇ بىر توختالغان؛ «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر ئىككى مەسىلە» ناملىق ماقالىسىدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ باشلىنىشى ۋە تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئىمزالىنىشىدىكى سەۋەبلەردىن ئىبارەت ئىككى مۇھىم مەسىلىنى يورۇتۇپ بەرگەن؛ «مەن شاھىت بولغان بەزى ئىشلار» ناملىق ماقالىسىدە گومىنداڭنىڭ ئىلىغا كېلىشى، ئۆزىنىڭ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى كەچۈرمىشلىرى، ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى ئەھۋاللار، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ مائارىپ سېپىدىكى ئەھۋاللار، ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى-

نىڭ قۇرۇلۇشى، ئىلىدا سوۋېت گىراژدانلىقىغا يېزىلىش ئەھۋالى، خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشى، ئېلىخان تۆرە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئىشلار، جاڭ جىجوڭ ۋە مەسئۇتلارنىڭ ئىلىغا بېرىشى، ئۆلكىلىك كېڭەش يىغىنىدىكى ئىشلار، تىنچلىق بېتىمىنىڭ بۇزۇلۇشى، تۇرپان خەلق قوزغىلىڭى، ئىتتىپاق تەشكىلاتىنىڭ ئەھۋالىدىن ئىبارەت 13 جەھەتتىكى ئەھۋالنى بىر قەدەر تەپسىلىي ۋە كىشىنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە بايان قىلغان؛ «‹ئەمەلىيەت›مۇ ياكى ‹توقۇلما›مۇ؟» ناملىق ماقالىسىدە «شىنجاڭ تارىخىدىن تەرمىلەر» ژۇرنىلىنىڭ 1997 - يىللىق 1 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «جاڭ زىگېنىڭ ئابدۇكېرىم ئابباسوف توغرىسىدا يازغانلىرى» ناملىق ماقالىدە ئابدۇكېرىم ئابباسوف، خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى توغرىسىدا قىلىنغان بايانلارنىڭ ئەمەلىيەت بولماي، پۈتۈنلەي توقۇلمىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئۆزى كۆرگەن - بىلگەنلىرى ئارقىلىق كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

سەيپۇللايوف ئاكىنىڭ تارىخ ئالدىدا مەسئۇل بولۇش روھى ئۇنىڭ يازغان ماقالىلىرىدىكى ئەستايىدىل مەسئۇلىيەتچانلىق پوزىتسىيىسىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. سەيپۇللايوف ئاكا «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە ئەۋەتكەن «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر ئىككى مەسىلە» ناملىق ماقالىنى تەھرىرلەشكە مەن مەسئۇل بولغانىدىم. ئۇ بۇ ماقالىنىڭ «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ باشلىنىشى» دېگەن قىسمىدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ھارپىسىدا قازاقىستانغا بېرىپ پاناھلانغان ياشلاردىن تەشكىللەنگەن بىر گۇرۇپپىنىڭ 1944 - يىلى 8 - ئايدا ئىلى ۋىلايىتىنىڭ نىلقا ناھىيىسىگە قاراپ ئاتلانغانلىقىنى، بۇ گۇرۇپپىنىڭ تەركىبىدە پاتىخ مۇسلىموف (گۇرۇپپا باشلىقى)، خەمىت مۇسلىموف، رەپىق بايچۇرىن، قۇربان بۇرھانىدىنوف، ئوسمان ئىبراھىموف، نۇر ئوبۇلوف، ھوشۇر مامۇتوفتىن ئىبارەت يەتتە كىشىنىڭ بارلىقىنى، ئۇلار نىلقىغا بېرىپ، ئەكبەر، غېنى قاتارلىق ئەزىمەتلەر بىلەن بىرلىشىپ، قوراللىق كۈرەشنى باشلاپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تۇنجى توپىنى ئاتقانلىقىنى بايان قىلغانىدى. 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا ماقالە تەھرىرلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ماقالىنى يەنە بىر كۆرۈپ چىقىشى ئۈچۈن سەيپۇللايوف ئاكىغا ئەۋەتىپ بەردىم. سەيپۇللايوف ئاكا تەھرىرلەنگەن ماقالىنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، باشقىچە پىكرى يوقلۇقىنى، ئەمما ماقالىگە كىرىشتۈرۈپ بېرىلىدىغان توققۇز ئادەمنىڭ سۈرىتىدىن سەككىزى تەييار بولغانلىقىنى، بىر ئادەمنىڭ سۈرىتىنى باشقا جايدىن ئالدۇرىدىغانلىقىنى، شۇڭا بۇ ماقالىنى سۈرەتلەر تەخ بولغاندىن كېيىن ژۇرنالغا بەرسەك ياخشى بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ خەت يېزىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ماقالە ئەسلىدىكى پىلان بويىچە ژۇرنالنىڭ 1996 - يىللىق 1 - سانىغا ئورۇنلاشتۇرۇلماي قالدى. كېيىن مەن سەيپۇللايوف ئاكىغا بىرنەچچە قېتىم تېلېفون بېرىپ، ھېلىقى سۈرەتلەرنى سورۇشتۇردۇم. سەيپۇللايوف ئاكا ھېلىقى كەم سۈرەتنى باشقا جايدىن

ئالدۇرغاندىن كېيىن، 1996 - يىلى 2 - ئايدا توققۇز كىشىنىڭ سۈرىتىنى ئايرىم - ئايرىم ماقالە قەغىزىگە چاپلاپ، ئاستىغا شۇ كىشىنىڭ ئىسىم - فامىلىسىنى يېزىپ تەھرىر بۆلۈمىگە ئەۋەتىپ بەردى. بۇ ماقالە «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ 1996 - يىللىق 2 - سانىغا پاتىخ مۇسلىموف، غېنى مەھەممەدباقى، ئەكبەر باتۇر، خەمىت مۇسلىموف، رەپىق بايچۇرىن، قۇربان بۇرھانىددىنوف، ئوسمان ئىبراھىموف، نۇر ئوبۇلوف، هوشۇر مامۇتوفلارنىڭ سۈرىتى بىلەن قوشۇپ بېرىلدى. سەيپۇللايوف ئاكىنىڭ ئەستايىدىل مەسئۇلىيەتچانلىق روھى ۋە جاپالىق ئەجرى ئارقىسىدا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ باشلامچىلىرى بولغان بۇ توققۇز ئادەمنىڭ سىماسى ئوقۇرمەنلەرنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى.

سەيپۇللايوف ئاكا 1998 - يىلى 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى كەچتە ماڭا تېلېفون بېرىپ، مېنىڭ بىلەن پاراڭلىشىدىغان ئىشى بارلىقىنى دەپ مېنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى. ئەتىسى ئەتىگەندە سەيپۇللايوف ئاكىنىڭ ئۆيىگە باردىم. مەن ئۆيىگە كىرگىنىمدە، سەيپۇللايوف ئاكا ئۈستەلگە ژۇرنال، ماتېرىياللارنى يېيىپ قويۇپ ئولتۇرغاندىكەن. سالام - سائەتتىن كېيىن، سەيپۇللايوف ئاكا گەپنى مېنى چاقىرىشتىكى ئاساسىي مەقسەتكە يۆتكىدى.

- بۇ ژۇرنالدىكى ماقالىلەرنى ئوقۇپ چىقتىڭىزمۇ؟ -دەپ سورىدى ئۇ.

ژۇرنالنىڭ مۇقاۋىسىغا قارىسام، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق هۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى، ئاپتونوم رايونلۇق تارىخىي ماتېرىياللار تەتقىقات يۇرتىنىڭ ئىلمىي ژۇرنىلى - «شىنجاڭ تارىخىدىن تەرمىلەر» نىڭ 1997 - يىللىق 1 - سانى ئىكەن. ئۇ ژۇرنالنىڭ 3 - بېتىنى ئېچىپ، مېنىڭ ئالدىمغا قويۇپ قويدى. بۇ، چېن شىمىڭ يازغان «جاڭ زىگېنىڭ ئابدۇكېرىم ئابباسوف توغرىسىدا يازغانلىرى» ناملىق ماقالە بولۇپ، ئۇنىڭدا «قانغا بويالغان قۇملۇق» ناملىق كىتاب تونۇشتۇرۇلغانىدى. مەن سەيپۇللايوف ئاكىغا بۇ ماقالىنى ئوقۇپ چىققانلىقىمنى ئېيتتىم. مەن ژۇرنالنى ۋاراقلاپ كۆردۈم، بۇ ماقالىنىڭ ئۇيەر - بۇ يېرىنىڭ ئاستى سىزىلغان ياكى يان تەرىپىگە سوئال بەلگىسى قويۇلغانىدى. گەپ تېخى باشلانماي تۇرۇپلا، سەيپۇللايوف ئاكىنىڭ بۈگۈن مېنى چاقىرتىشتىكى مەقسىتىنى بىلىپ بولدۇم.

سەيپۇللايوف ئاكا بۇ ماقالىدىكى خاتا بايان قىلىنغان ياكى توقۇپ چىقىلغان 19 مەسىلىنى رەتكە تىزىپ چىقىپتۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى نۇقتىلىق ئۈچ مەسىلە «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مۇستەقىللىق مەقسىتىدە ئېلىپ بېرىلغانمۇ؟»، «ئابباسوف ھەققىدە مۇبالىغە قىلىنغان مەسىلىلەر»، «خ ئى پ نى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پىلانلىغان، دېگەن مەسىلە» دىن ئىبارەت ئىكەن.

- سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى، - دېدى سەيپۇللايوف ئاكا 1 - مەسىلە ئۈستىدە توختىلىپ، - 1917 - يىلدىكى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن 1949 - يىلغىچە شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىش ئويىدا بولغان ئەمەس. مەن «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ 1996 - يىللىق 2 - سانىغا بېسىلغان «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر ئىككى مەسىلە» ناملىق ماقالەمنىڭ «تىنچلىق بېتىمىنىڭ ئىمزالىنىشىدىكى

سەۋەبلەر» دېگەن قىسمىدا بۇ ھەقتە تەپسىلىي توختالغانىدىم. بۇ يەردە بۇ قاراشلىرىمنى تەكرارلاپ ئولتۇرمايمەن. ئەمدى 1945 ـ يىلى ئۆتكۈزۈلگەن ئامېرىكا، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ئەنگلىيىدىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ يالتا يىغىنىدا شىنجاڭ مەسىلىسىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىغا كەلسەك، بۇ تاشقى موڭغۇلىيىنى مۇستەقىل قىلىش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

سەيپۇللايوف ئاكا سەل توختىۋالدى. ئەمدى گەپ ھېلىقى ماقالىدىكى ئابدۇكېرىم ئابباسوف ھەققىدىكى ئاجايىپ ـ غارايىپ بايانلار ۋە توقۇلمىلارغا يۆتكەلدى.

ـ ئابباسوفنى ستالىن، مالېنكوف، مولوتوفلارنىڭ قوبۇل قىلغانلىقى، مەخسۇس ئايروپىلانغا سېلىپ قويماقچى بولغانلىقى مەنتىقىگە سىغمايدۇ، ـ دېدى ئۇ، ـ شۇ ۋاقىتتىكى ۋەزىيەتنى بىلگەن ئادەم بۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ. ستالىن كىم؟ ئابباسوف كىم؟ ئابباسوفنىڭ 3 ـ ئىنتېرناتسىئونالنى ئىزدەپ بېرىشىنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى، ئابباسوفنىڭ ئىشى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدىكى كونسۇلخانىسى بىلەنلا پۈتىدۇ، موسكۋاغا بېرىش زۆرۈر ئەمەس. ژۇرنالنىڭ 5 ـ بېتىدە بايان قىلىنغان «ئاق پىشلاق» (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى گېنېرالى كوتوزوفنىڭ قىزى بولۇپ، ئاخبارات ئورگىنىدا ئىشلەيتتى) نىڭ ئابباسوفنى ك گ ب نىڭ ئارخىپخانىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرغانلىقى، پارتىيە نامى ۋە مەسئۇلى ھەققىدىكى گەپلىرى، ئابباسوفنىڭ چويبالسان بولمىغانلىقىنى «ئاللىبۇرۇنلا بىلەتتىم» دېيىشى پۈتۈنلەي ئويدۇرما، مۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. سەۋەبى: ئاپتور سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى تەرتىپلەرنى بىلمەيدىكەن. ئارخىپخانىغا ئۆزىنىڭ شۇنىڭغا مەسئۇل خادىمىنىلا كىرگۈزىدۇ، گېنېرالنىڭ قىزىنى كىرگۈزمەيدۇ، چەت ئەللىك ئابباسوفنى تېخىمۇ كىرگۈزمەيدۇ. بۇ دېگەن ك گ بنىڭ مەخپىيىتى، ساقچىلىقنىڭ مەخپىيىتى.

سەيپۇللايوف ئاكىنىڭ سالامەتلىكى ئانچە ياخشى ئەمەس ئىدى، ماقالىدىكى ئويدۇرما ـ توقۇلمىلار ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا بېشىدىن تارتىپ قاتناشقان ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىرىنى ئوبدان بىلىدىغان سەيپۇللايوف ئاكىنىڭ ئوغىسىنى قايىنىتىپ قويغانىدى، ئۇ ئالدىدىكى چاينى ئىككى ئوتلاپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

ـ بۇ ماقالىدا «قانغا بويالغان قۇملۇق» نىڭ ئاپتورى ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلغان، ئابباسوف ھەققىدە كۆپلەپ ماتېرىيال ئىگىلىگەن، دېيىلگەن. ماتېرىيالنى كىمدىن ئىگىلىگەن؟ ئۇلار قانداق ئادەملەر؟ ئۇلارغا ئىشىنىش كېرەكمۇ ياكى ئابباسوفنىڭ ھايات سەبداشلىرىغا ئىشىنىش كېرەكمۇ؟ سەيپىدىن ئەزىزى ئۈچ ـ تۆت يىلنىڭ ئالدىدا ئۈرۈمچىگە كەلگەندە، ئابباسوفنىڭ موسكۋاغا بارغانلىقىنى «بۇ قىپقىزىل يالغان، ئا X X نىڭ سالغان قالايمىقانچىلىقى» دېگەن.

ـ خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى (خ ئى پ) 1946 ـ يىل 5 ـ ئايدا تەشكىل بولغان، ـ دېدى سەيپۇللايوف ئاكا 3 ـ نۇقتىلىق مەسىلە ئۈستىدە توختىلىپ، ـ ئابباسوف بولسا، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا 1944 ـ يىلى كۈزدە قېچىپ بارغان. بۇ پارتىيە تەشكىل بولۇشتىن ئىككى يىل بۇرۇن ك گ ب ئارخىپخانىسىدا بۇ پارتىيە

ۋە ئۇنىڭ رەئىسى ئابباسوف ھەققىدە نەدىمۇ ماتېرىيال بولسۇن؟ ياكى بۇ پارتىيە بۇرۇن پىلانلانغانمۇ؟ ياق، چوقۇم مۇنداق ئەمەس، بۇنىڭغا قەتئىي گۇۋاھلىق بېرىمەن. 1946-يىلى 5-ئاينىڭ بېشىدا غۇلجا ناھىيىسىدىكى نادەم ھاجىم بېغىدا خ ئى پ نىڭ نىزامنامىسى مۇزاكىرە قىلىنغاندا، پارتىيىنىڭ نامى توغرىسىدا «خەلق پارتىيىسى» دېيىش كېرەكمۇ ياكى «خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى» دېيىش كېرەكمۇ، دېگەن تەكلىپنى مەن قويغان. دېمەك، بۇنىڭدىن ئىككى يىل بۇرۇن بۇ ئىسىم ك گ ب ئارخىپخانىسىدا نېمە قىلىدۇ؟ خ ئى پ نى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پىلانلىغان ئەمەس، ئەكسىچە، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدىكى مۇئاۋىن كونسۇلى بورىسوف خ ئى پ نى تەشكىل قىلغۇچىلارنى «تىنچلىق بىتىمىگە قارشى تۇرىدۇ»، «مۇستەقىللىق تەلەپ قىلماقچى» دەپ گۇمانلىنىپ، خ ئى پ نى «ئەكسىيەتچى تەشكىلات» دەپ قارىغان. ئەمەلىيەتتە، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدىكى كونسۇلخانىسىنىڭ كۆز قارىشىنىڭ توغرا ئەمەسلىكى، خاتا ئىكەنلىكى مەلۇم بولسىمۇ، كونسۇلخانا يەنە ئابباسوفنى «ئۆز بېشىمچى» دەپ، 1948-يىل 8-ئاينىڭ 1-كۈنى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى تەشكىل بولغاندا تانابىنى تارتىپ قويماقچى بولغان. ئىتتىپاق تەشكىلىي ھەيئىتى مۇزاكىرە قىلىنغاندا، كونسۇلخانىنىڭ پىكرى بويىچە ئابباسوفنىڭ ئىسمى تىزىملىكتىن چىقىرىۋېتىلگەن.

سەيپۇللايوف ئاكا «شىنجاڭ تارىخىدىن تەرمىلەر» ژۇرنىلىغا بېسىلغان مەزكۇر ماقالىنى 10 نۇسخا كۆپەيتىپ تەييارلاپ، ئالاقىدار ئادەملەرگە تارقىتىپ بېرىۋېتىپتۇ. بىز پاراڭلىشىۋاتقاندا، ماھىنۇر قاسىم بىر ئىش بىلەن سەيپۇللايوف ئاكىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ قالدى، ماھىنۇر قاسىم قايتىدىغان چاغدا، سەيپۇللايوف ئاكا ھېلىقى ماقالىنىڭ كۆپەيتىلمە نۇسخىسىدىن بىرنى ئۇنىڭغا بەردى. سەيپۇللايوف ئاكا مېنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر ئەھۋاللارنى پىششىق بىلىدىغان ساۋدانوف زاھىر، ئۇيغۇر سايرانى، ئەنۋەر خانبابا، ھاكىم جاپپار، مۇزەپپەر ئابدۇللايوف، ماھىنۇر قاسىم، مامۇتوف قۇربان قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ شاھىتلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، «جاڭ زىگېنىڭ ئابدۇكېرىم ئابباسوف توغرىسىدا يازغانلىرى» دېگەن ماقالىدىكى خاتا بايانلار ۋە ئويدۇرما-توقۇلمىلار توغرىسىدا ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئېلىپ، زىيارەت خاتىرىسى شەكلىدە بىر ماقالە يېزىشىمنى تەكلىپ قىلدى ۋە ئۆزىنىڭ يۇقىرىدا ئۈچ مەسىلە ئۈستىدە توختالغانلىرى ئۆزىنى زىيارەت قىلغانلىق خاتىرىسى بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۆزۈم خاتىرىلىۋالغان سەيپۇللايوف ئاكىنىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرىنى ئوقۇپ بېرىپ، توغرا خاتىرىلەنگەن-خاتىرىلەنمىگەنلىكىنى ئالدىدىن بىر قۇر ئۆتكۈزۈۋالدىم. ئەينى ۋاقىتتا كاللامدىن «يۇقىرىقى ئادەملەرنى زىيارەت قىلىپ ماقالە يازسام بولارمۇ؟» دېگەن پىكىر يالت ئېتىپ ئۆتتى. ئەمما، سەيپۇللايوف ئاكىنىڭ گېپىنى يېرالماي، «تىرىشىپ باقاي» دەپلا جاۋاب بەردىم.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر مەسىلىلەر تارىخىي چىنلىققا ھۆرمەت

قىلىش - قىلماسلىقتا ئالاقىدار مەسىلىلەر ھېسابلىنىدۇ، بۇنىڭدا چوقۇم ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشكە، تارىخنى ئوقۇرمەنلەر ئالدىدا ئەينەن يورۇتۇپ بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. سەيپۇللايوف ئاكا ئېيتقاندەك، «كۆرەش قىلغان خەلقلەرنىڭ پىكرىنى ئېتىبارغا ئېلىش ناھايىتى مۇھىم.» ئەمما، بۇ ئىشنىڭ مۇنداق بىر نازۇك تەرىپى بار، بۇ ئىشنى بىرەر ئالاقىدار ئورۇن تەشكىللىسە ياكى بىرەر ژۇرنال (مەجمۇئە) تەھرىراتى ماڭا يېزىشنى ھاۋالە قىلسا، ئاندىن مەن يۇقىرىقى ئادەملەرنى زىيارەت قىلىپ، زىيارەت خاتىرىسى يازسام مۇۋاپىق بولاتتى. شۇ يىلى 8 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىدىكى مەلۇم بىر رەھبەرنىڭ مەسلىھەتى بىلەن بۇ زىيارەت خاتىرىسىنى يېزىشتىن يالتايدىم ۋە ئەھۋالنى سەيپۇللايوف ئاكىغا تېلېفون ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ، ئۇنى ئۆز ئالدىغا ماقالە يېزىشقا دەۋەت قىلدىم. كېيىن سەيپۇللايوف ئاكىنىڭ سالامەتلىكى بارغانسېرى ناچارلىشىپ، بىرنەچچە قېتىم كېسەلخانىدا يېتىپ داۋالانغانلىقىغا قارىماي، يۇقىرىقى ماقالىگە رەددىيە بېرىپ، «(ئەمەلىيەت)مۇ ياكى (توقۇلما)مۇ؟» ناملىق ماقالىسىنى يېزىپ چىقتى، بۇ ماقالە «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ 2003 - يىللىق 2 - سانىغا بېسىلدى. بۇ ماقالە سەيپۇللايوف ئاكا ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، بىزنىڭ بۇنىڭدىن بەش يىل بۇرۇن ئۆتكۈزگەن مەنىلىك سۆھبىتىمىزدە سەيپۇللايوف ئاكا تارىخ ئالدىدا مەسئۇل بولۇش روھى بويىچە ئوتتۇرىغا قويغان پاكىتلىق پىكىرلەر ئاخىر ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشكەندى.

تەھرىرلىگۈچى: سابىر ئەلى

(بېشى 34 - بەتتە)

شاھادەتنامە تارقىتىلاتتى. ئاندىن يۇرت چوڭلىرى ئەدەب بىلەن پەگاھقا چۈشۈپ قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ: «بىز پالانى خەلپىتىمنى يۇرتىمىزنىڭ جامائەتلىرىگە ۋاكالىتەن تىلەيمىز، ئىلتىجايىمىزنى قوبۇل قىلغايلا» دەپ تەلەپ قىلاتتى، ئىجازەت بېرىلگەندىن كېيىن، جامائەت ئېلىپ كەلگەن مەخسۇس سەللە، ئېسىل تون، مەسە - كالاچلارنى تىلىۋالغان خەلپىتىمگە كىيگۈزۈپ، ئېگەر - جابدۇقلۇق ياخشى ئاتقا مىندۈرۈپ، ئۆز يۇرتىغا ئېلىپ ماڭاتتى. گۈرزەھ - گۈرزەھ جامائەت ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن داغدۇغا، چۇقان - سۈرەن بىلەن ئەگىشىپ ماڭاتتى، تاكى يۇرتىغا يېتىپ بارغانغا قەدەر ھاپىزلار نەۋەتلىشىپ مۇڭلۇق ئاھاڭدا تەلقىن - ھۆكمەت ئېيتاتتى، ئۇنىڭغا تەڭكەش قىلىپ ئۇسسۇلچىلار ساما سالاتتى. خەلق خەلپىتىمنى مانا مۇشۇنداق تولۇپ - تاشقان ئىززەت - ئىكرام بىلەن يۇرتقا ئېلىپ چىقاتتى...

شاھادەتنامە تېكىستى ئاشۇ زامانلاردا خوتەن قەغىزىگە خۇش خەت بىلەن يېزىلىپ، مەھكىمە شەرئى ئاخۇنلىرىنىڭ كۆمۈش مۆھۈرلىرى بېسىلاتتى.

مېنىڭ دادام نۇراخۇنمۇ ئەينى زاماندا 40 نەچچە ساۋاقدىشى بىلەن بىللە مۇھەممەت ئىمىن داموللىنىڭ قولىدا ئوقۇغانىكەن.

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئورخۇن

# 10 - ئەسىردىن ئىلگىرىكى تۈركلەر بىلەن ۋېنگىرلارنىڭ مۇناسىۋىتى

**گۇك فاڭجېن**

ۋېنگىرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئۇلارنىڭ تۈركىي خەلقلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بىرقەدەر مۇرەككەپ مەسىلە. 1882 - يىلى ۋېنگىرىيىلىك ئەرمىن ۋامبېرى① ئېلان قىلغان «ماجارلار (ۋېنگىرلار) نىڭ كېلىپ چىقىشى» دېگەن ئەسىرىدە ۋېنگىرلار تۈركلەردىن كېلىپ چىققان دېگەننى تەشەببۇس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ۋېنگىرىيە ئالىملىرى ئارىسىدا كەسكىن مۇنازىرە، يەنى ئاتالمىش «تۈرك-ئۇغور ئۇرۇشى» مەيدانغا كەلدى. ج. بۇدېنز بىلەن پ. هۇنفالۋى ۋېنگىرلارنى ئوغۇرلاردىن كېلىپ چىققان، ۋېنگىر تىلى فىن - ئوغۇر تىلىغا تەۋە دەپ قارىدى. هازىر ئوغۇرلاردىن كېلىپ چىققان دېگەن كۆزقاراشنىڭ توغرىلىقى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى، لېكىن ۋېنگىرلاردا ھەقىقەتەنمۇ تۈركىي خەلقلەرنىڭ قېنى بارلىقى، ۋېنگىر تىلىدا خېلى كۆپ تۈركىيچە سۆزلۈكلەرنىڭ بارلىقى ھەمدە قەدىمدە ۋېنگىرلارنىڭ تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ. بۇ ماقالىدە 10-ئەسىردىن ئىلگىرىكى تۈركىي قەبىلىلەر بىلەن ۋېنگىرلارنىڭ مۇناسىۋىتى سۆزلىنىدۇ.

**1. ۋېنگىر تىلىدىكى تۈركىيچە سۆزلۈكلەر**

ۋېنگىرلارنىڭ تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى ئەڭ ئاۋۋال تىلدا ئەكس ئېتىدۇ. هازىرقى ۋېنگىر تىلىدا 9% ئەتراپىدا تۈركىيچە سۆزلۈك بار. چۈشەندۈرۈشكە تېخىمۇ ئاسان بولۇشى ئۈچۈن، هازىرقى زامان ۋېنگىر تىلى بىلەن تۈركىي تىللار سېلىشتۇرما قىلىندى، بۇ تۈركىي تىللارنىڭ ھەممىسى قەدىمكى تۈرك تىلىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن، بۇنى سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق ماتېرىيالى قىلىشقا بولىدۇ.

«دېڭىز» دېگەن سۆز ۋېنگىر تىلىدا «tenger» ، قازاق تىلىدا «تېڭىس» ، قاراقالپاق تىلىدا «تېڭىس» ، ئۆزبېك، ئۇيغۇر تىللىرىدا «دېڭىز» دېيىلىدۇ.

«بۇقا» دېگەن سۆز ۋېنگىر تىلىدا «bika» ، تۈركمەن، ئۆزبېك، ئۇيغۇر تىللىرىدا «بۇقا» ، قاراقالپاق تىلىدا «buga» دېيىلىدۇ.

«مۇزاي» ۋېنگىر تىلىدا «tino» ، باشقىرت، ئۆزبېك، تۈركمەن، قاراقالپاق تىللىرىدا «تانا» ، ئەزەربەيجان تىلىدا «دانا» دېيىلىدۇ.

«قوي» ۋېنگىر تىلىدا «kos» ،



قازاق، قاراقالپاق، قىرغىز، ئۇيغۇر تىللىرىدا «قوي» دېيىلىدۇ.

«ئۆچكە» ۋېنگىر تىلىدا «kecske»، قىرغىز، ئۆزبېك تىللىرىدا «ئەچكى»، قازاق تىلىدا «ئەشكى»، ئەزەربەيجان تىلىدا «keči» دېيىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا قازاق، ئۆزبېك، ئۇيغۇر تىللىرىدا ياۋا ئۆچكە «كېيىك» دېيىلىدۇ، بۇ سۆزنىڭ ئەلۋەتتە «kecske» دېگەن سۆز بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى بار.

يەنە «ئالما»، «باتۇر» دېگەن سۆزلەردىمۇ شۇنداق ئەھۋال بار، ئۇلارنى مىسال كەلتۈرمىدۇق.

ۋېنگىرىيىنىڭ بىرقەدەر ئېنىقلىق تارىخى ئارپاد خانلىقىدىن باشلانغان، ئارپاد مىلادىيە 907 - يىلى ئۆلگەن. بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى دەۋرنى تارىخشۇناسلار ۋېنگىرىيىنىڭ تارىختىن ئىلگىرىكى تارىخى دەپ ئادەتلەنگەن. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، 10 - ئەسىردىن ئىلگىرى ۋېنگىر تىلىدا يېزىلغان ئەسەر يوق ئىدى. پەقەت 11 - ئەسىردىكى بىر لاتىنچە ئەسەردە قەدىمكى ۋېنگىرچە پارچە - پۇرات سۆزلۈكلەر ئۇچرايدۇ. ئەڭ دەسلەپكى «ۋېنگىرىيە تارىخى» لاتىن يېزىقىدا يېزىلغان بولۇپ، قايسى تىلدا يېزىلغانلىقى نامەلۇم. ھازىر ئەڭ دەسلەپكى ۋېنگىرلار بىلەن تۈركلەرنىڭ مۇناسىۋەت تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ئاساسلىقى تىلشۇناسلىققا، ئاندىن شەرقىي رىم تارىخچىلىرى بىلەن مۇسۇلمان ئاپتورلارنىڭ خاتىرىلىرىگە تايانماي بولمايدۇ. بىراق بۇ ماتېرىياللار ئىچىدىكى مىللەت نامى، ئادەم ئىسمى، يەر ناملىرىنى قەدىمكى خەنزۇ تىلىدىكى يېزىلىشىغا بىر مۇبىر تەدبىقلاپ چىقىش بىرقەدەر قىيىن. ماقالىدە نەقىل ئېلىنغان ئىسىملار ئەسلىدىكىسى بويىچە ئېلىندى.

## 2. «ۋېنگىر» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى

ۋېنگىرلار ئۆزىنى ماجار (Magyar) دەپ ئاتايدۇ. ئىنگلىزچە Hungarian، فرانسۇزچە Hongrois، نېمىسچە Ungar دېيىلىدۇ. بۇ ناملارنىڭ ھەممىسى لاتىنچىدىكى Ungri دىن كەلگەن. بىراق بۇ لاتىنچە نام 5 - ئەسىردىكى ئونئوغۇر (Onogur) دېگەن قەبىلە نامىدىن كەلگەن. بۇ نام ئەڭ ئاۋۋال شەرقىي رىم تارىخچىسى پرىسكۇسنىڭ خاتىرىسىدە كۆرۈلىدۇ. ئۇنىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، ساراغۇر (Saragur)، ئوغۇر (Ogur) ۋە ئونئوغۇرلار سابىر (Sabir) لارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ ماكانىدىن قوغلىۋېتىلگەن. سابىرلار شۇ دەۋردە ئاۋار (Avar) لارنىڭ قىستىشى بىلەن كۆچكەن، لېكىن ئاۋارلارمۇ ئوكيانغا يېقىن ئولتۇراقلاشقان باشقا مىللەتلەرنىڭ بېسىمى تۈپەيلىدىن كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان. مۇشۇ ۋاقىتتا (تەخمىنەن مىلادىيە 461 — 465 - يىللار ئارىلىقىدا) ساراغۇرلار، ئوغۇرلار، ئونئوغۇرلار شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىگە ئەلچى ئەۋەتكەن②.

ساراغۇر دېگىنى سارائوغۇر (Sara ogur) نىڭ ئۆزى بولۇپ، ساپ ئوغۇر ياكى ئاق ئوغۇر دېگەن مەنىدە. ئونئوغۇر يەنى ئون ئوغۇر دېگەن سۆزدىكى «ئون» تۈركچە «ئون» دېگەن ساننى كۆرسىتىدۇ. ئوغۇرلار ئېلىمىز تارىخىي ئەسەرلىرىدە ئۇچرايدىغان 乌护، 乌纥، 回纥 (ئۇيغۇر) لارنى

كۆرسىتىدۇ. ساراغۇرلار مىلادىيە 466 ـ يىلى پارسلار بىلەن ئۇرۇشۇپ ئەرمىنىيىنى خارابىلىككە ئايلاندۇرۇۋەتكەن. شۇڭا 5 ـ ئەسىرلەردە ساراغۇرلارنىڭ تەسىر دائىرىسى كافكازغىچە يېتىپ بارغانىدى. ئوغۇرلارنىڭ كېيىنكى تەقدىرى توغرىسىدا مېناندرې (Menandre) «يۇنان تارىخىنىڭ پارچىلىرى» دە: «مىلادىيە 569 ـ يىلى رىم ئەلچىسى ۋولگا دەرياسىنىڭ غەربىدە تۈرك قاغانىغا قاراشلىق ئوغۇر (ئۇيغۇر) لارنىڭ رەھبىرىنى ئۇچراتقان» دەپ خاتىرىلىگەن. 7 ـ ئەسىردە ئۆتكەن شەرقىي رىم تارىخچىسى سىموكاتتامۇ ئوغۇرلار شەرقتىكى تىل (Til) دەرياسى بويىدا ئولتۇراقلاشقان دەيدۇ③. ماركۇئارت بۇ دەرياني «سۈينامە» دە تىلغا ئېلىنغان 独洛河 (تۇغلا دەرياسى) نىڭ ئۆزى دەپ قارايدۇ. بىراق «تىل» (Til) دېگىنى «ئاتىل» (Atil) دېگەنلىك، ۋولگا دەرياسىمۇ «ئاتىل» دېيىلەتتى. مېناندرېنىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندىمۇ بۇ ۋولگا دەرياسى ئىدى. ئونئوغۇرلار قەدىمكى ئۇيغۇرچە «تەڭرىدە بولمىش ئەل ئېتمىش بىلگە قاغان مەڭگۈتېشى» دىكى ئون ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزى شۇمۇ ئەمەسمۇ؟ بىر نىمە دېيىش تەس. ئونئوغۇرلارنىڭ 5 ـ ئەسىردىن كېيىنكى ئەھۋالى شەرقىي رىم تارىخچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۇچرىمايدۇ. بىراق 10 ـ ئەسىردە پارس تىلىدا يېزىلغان مەشھۇر ئەسەر — «ھۇدۇدۇل ئالەم» بىلەن 11 ـ ئەسىردىكى پارس تارىخچىسى گەردىزىنىڭ ئەسىرىدە v. n. d. r. ياكى n. n. n. d. r. دېيىلگەن مىللەتنىڭ ماجارلار بىلەن قوشنا ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان④. ماركۇئارت V. n. d. r. نى Onoghundur (ئونئوغۇندۇر) دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىدۇ ھەمدە «ئونئوغۇن» بولسا «ئونئوغۇر» دېگەنلىك، «دۇر» تۈرك تىلىدىكى سۆز ئارقا قوشۇمچىسى دەيدۇ. ئىكنومىدىس ئۇلارنى ماجارلار دەپ خاتىرىلىگەن. مىنورىسكىي ئونئوغۇندۇرلارنى بۇلغارلارنىڭ بىر قەبىلىسى دەپ تەھقىقلەيدۇ. بۇلار 5 ـ ئەسىردىن 7 ـ ئەسىرگىچە شىمالىي كافكاز ۋە ئاسۇر دېڭىزىنىڭ شىمالىدىكى كۇبان رايونىدا ئولتۇراقلاشقان. بۇ رايوندىكى بۇلغارلار يەنە ئىپتىدائىي بۇلغارلار دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇلار تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان قەبىلە بولۇپ، 2 ـ ئەسىردە باشقا بىرقىسىم قەبىلىلەر بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىن كاسپىي دېڭىز ۋە قارادېڭىز ئەتراپىغا كەلگەن، بۇ قەبىلىلەر ئىچىدە ئونئوغۇندۇرلار بار ئىدى. يۇقىرىقى ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ماجارلارنىڭ باشقا تىللاردىكى ئاتىلىشى ئونئوغۇردىن كەلگەن، بىراق ئونئوغۇرلارمۇ تۈركىي خەلق بولۇپ، فونېتىكا نۇقتىسىدىن قارىغاندا، تۈرك بىلەن ۋېنگىر نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىكتۇر. ھازىرقى ۋېنگىر مىللىتى ئىچىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن ئونئوغۇرلار بار.

ئېلىمىز تارىخچىسى ياڭ شيەنيى ئەپەندى «سۈينامە . تېلېلار ھەققىدە قىسسە» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلىنىپ، ساراغۇرلارنى خەنزۇچە مەنبەلەردىكى 苏路羯 (سۇلۇ)، ئوغۇرلارنى ئاق تاغ ئەتراپىدىكى 乌护 (ئوغۇز)، ئونئوغۇرلارنى 恩屈 (ئېنچۇ) لەرنىڭ ئۆزى دەپ قارىدى⑤. سېن جۇڭمىيەن ئەپەندىمۇ ئوغۇرلارنىڭ خەنزۇچە مەنبەلەردىكى 乌护 ئىكەنلىكىنى

تەكشۈرۈپ بېكىتتى⑥. باسكاكوفنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، تۈركىي تىللار ھۆنلار دەۋرىدىن باشلاپلا پارچىلىنىشقا باشلىغان، يەنى ھۆنلارنىڭ «r» لىق تارمىقى بىلەن «z» لىق تارمىقى ئۆزئارا قارىمۇقارشى بولۇشتەك ھالەت شەكىللەنگەن. غەربىي ھۆن تىلى تارمىقىدىكى ساراغۇر، ئوغۇر، ئونئوغۇر، Savir (ساۋىر)، ئاۋارلار ھەمدە كېيىنكى بۇلغار قەبىلىلىرى «r» لىق تارماققا تەۋە ئىدى. بىراق ئوغۇز، قىرغىز قاتارلىق شەرقتە ياشىغۇچى قەبىلىلەر «z» لىق تارماققا تەۋە ئىدى⑦. شۇنداق بولغاچقا، سۇي، تاڭ سۇلالىرى دەۋرىدە ۋولگا دەرياسى ۋادىسىدىكى تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ نامى كۆپ ھاللاردا «r» تاۋۇشى بىلەن ئاخىرلاشقان.

ۋېنگىرلار ئۆزىنى ماجار دەپ ئاتايدۇ، بۇ نام تۈركىي خەلقلەر بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. «ماجار» ھازىرقى زامان ۋېنگىر تىلىدىكى نام بولۇپ، قەدىمكى ۋېنگىر تىلىدىكى تەلەپپۇزى بىلەن ئانچە ئوخشىشىپ كەتمەيدۇ. ھازىرغىچە 10- ئەسىردىن ئىلگىرىكى ۋېنگىر تىلىدا يېزىلغان ھۆججەتلەر تېپىلمىدى. قەدىمكى ۋېنگىر تىلى دېيىلگىنى 11- ئەسىردىن 14- ئەسىرگىچە بولغان تىل بولۇپ، ئۇنى 10- ئەسىردىن ئىلگىرىكى ۋېنگىر تىلىنى تەتقىق قىلىشتا پايدىلىنىش ماتېرىيالى قىلىشقا بولىدۇ. 12- ئەسىرگە ئائىت قەدىمكى ۋېنگىر تىلىدىكى يازما يادىكارلىق «نىجاتنامە» («Haloott Geszed») ⑧ قا ئاساسلانغاندا، قەدىمكى ۋېنگىر تىلىدا قىسقا سوزۇق تاۋۇش «a» يوق ئىكەن. قەدىمكى ۋېنگىر تىلىدىكى «u» تاۋۇشى ھازىرقى «o» تاۋۇشىغا، «ü» تاۋۇشى ھازىرقى «ö» تاۋۇشىغا، «o» تاۋۇشى ھازىرقى «a» تاۋۇشىغا ئۆزگەرگەن. مەسىلەن: بۇ ئەسىردىكى «oz» (ئىنگلىز تىلىدىكى «the»، «it» دېگەن سۆزگە توغرا كېلىدۇ) ھازىرقى تىلدا «az» دېيىلىدۇ. «pur» (چاڭ- توزان) ھازىرقى زامان ۋېنگىر تىلىدىكى «por» غا توغرا كېلىدۇ. شۇڭلاشقا Magyar دېگەن سۆزنىڭ قەدىمكى تەلەپپۇزىدا پەرق بار. ئې. پارتىردىگى بۇ سۆز قەدىمدە Mogyeri دەپ ئوقۇلاتتى، دەيدۇ⑨. مىنورسكىي ۋېنگىر ئالىملىرىنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلىنىپ، ئۇنى Mojgher دەپ ئەسلىگە كەلتۈردى. Mojgher دېگەن بۇ سۆز Moj + gher دىن تۈزۈلگەن. gher باشقىرت (Bashqir، Bashghir، Bashghird) دېگەن تۈركىي خەلق بىلەن مۇناسىۋەتلىك. نېمېت Bashghir تۈركىي تىلدىكى Bash (بەش) بىلەن ghur (قەبىلە) نىڭ قوشۇلۇشىدىن تۈزۈلگەن دەپ قارايدۇ⑩. باشقىرتلار بىلەن كاسپىي دېڭىزى ئەتراپىدىكى ۋېنگىرلار يۇغۇرۇلۇپ Mojgher لار شەكىللەنگەن، gher بولسا Bashghir دېگەن سۆزنىڭ ئاخىرقى بوغۇمى. شۇڭا ئوتتۇرا ئەسىردىكىلەر ماجارلارنى باشقىرتلار دەپمۇ ئاتىغان. پارتىردىگى Mogyeri دېگەن سۆزنىڭ ئاخىرقى بوغۇمى بولغان «eri» تۈركىيچە سۆز بولۇپ، «ئادەم»، «ئەر» دېگەن مەنىدە دەيدۇ. تۈركىي تىللاردا «ئادەم» «er»، «är»، «ir»، «ar» دېيىلىدۇ. سۆز ئاخىرىغا «i» تاۋۇشىنىڭ قوشۇلۇشى قەدىمكى ۋېنگىر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى بولۇپ، سۆز

ئاخىرىدا ھەمىشە قىسقا سوزۇق تاۋۇش «u» ، «i» ، «u» لار قوشۇلۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: ھازىرقى ۋېنگىر تىلىدىكى «faher» (ئاق) قەدىمكى ۋېنگىر تىلىدا «feheru» دېيىلىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، Magyar دېگەن نام تۈركىي تىللار بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر.

3. Sabar لار

ۋېنگىرلار بىلەن تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ 10 - ئەسىردىن ئىلگىرىكى مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىشتىكى ئەڭ مۇھىم ماتېرىيال — شەرقىي رىم ئىمپېراتورى كونىستانتىن Ⅶ نىڭ ئەسىرىدۇر. كونىستانتىن Ⅶ مىلادىيە 905 - يىلى تۇغۇلۇپ، 959 - يىلى ۋاپات بولغان. ئۇ بۇ ئەسىرىنى ھەرخىل يازما ماتېرىيال، ۋەزىرلەرنىڭ دوكلاتلىرى ۋە چەت ئەل ئەلچىلىرىنىڭ پاراڭلىرىغا ئاساسەن يېزىپ چىققان، ئۇنىڭدا شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ يات مىللەتلەرگە قوللىنىدىغان تاشقى سىياسىتى ئىپادىلەنگەن. كىتاب ئەسلى گىرېكچە بولۇپ، ئىسىم قويۇلمىغان. 1611 - يىلى مېئۇرسىئۇس ئەسەرنى لاتىنچىگە تەرجىمە قىلغاندا ئۇنىڭغا «ئىمپېرىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى» دەپ ئىسىم قويغان. بۇ ئەسەردە ماجارلار تۈرك (Toūrokhoi) دەپ ئاتالغان⑪. بۇنىڭدىن شۇ ۋاقىتلاردا ماجارلارنى شۇنداق ئاتاشنىڭ ئومۇملىشىپ قالغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. تۆۋەندە چۈشەندۈرۈشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن ۋېنگىر دېگەن نامنىڭ ئورنىغا ماجار دېگەن نام ئالماشتۇرۇلدى.

كىتابتا ماجارلار (ئەسلى تېكىستتە تۈرك دەپ خاتىرىلەنگەن، ئوقۇشماسلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، بىردەك ماجارلار دەپ تەرجىمە قىلىندى) ئەسلىدە خازارىيە ئەتراپىدا ياشايتتى. (خازارىيەنىڭ مەنىسى خازارلار ئولتۇراقلاشقان جاي دېگەنلىك بولىدۇ، خازار «يېڭى تاڭنامە . ئەرەپلەر ھەققىدە قىسسە» دە تۈرك خازارلىرى (突厥可萨) دەپ ئاتالغان خەلقنى كۆرسىتىدۇ)، ئۇلار تۇرىدىغان يەر لېبېدىيە (Lebedia) دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ سۆز باش ئاتامان (Lebedias) نىڭ ئىسمىدىن كەلگەن. ئۇ چاغلاردا ئۇلار تۈرك دەپ ئاتالماي Sabartoi asphaloi دەپ ئاتىلاتتى⑫. شۇ چاغلاردا ماجارلاردا يەتتە ئۇرۇق بار بولۇپ، ھەممىسىنىڭ ئاتامانى بار ئىدى. 1 - ئۇرۇقنىڭ ئاتامانى Voivode Lebedias ئىدى، ئۇ خازارلار بىلەن ئۈچ يىل بىللە تۇرغان ھەم ئۇلار بىلەن ھەمكارلىشىپ كۆپ قېتىم جەڭ قىلغانىدى. ئۇزاق ئۆتمەي ماجارلار بىلەن پەچەنەكلەر ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولدى، ماجارلار مەغلۇپ بولۇپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى، بىر تارمىقى شەرققە كۆچۈپ پېرسىيىدە ئولتۇراقلاشتى؛ يەنە بىر تارمىقى لېبېدىئاسنىڭ باشچىلىقىدا غەربكە كۆچۈپ ئاتېلكوزو (Atelkouzou) غا باردى⑬. بۇ يەردە يەنە پەچەنەكلەرمۇ بار ئىدى. (كونىستانتىن كىتابىنى يېزىۋاتقان مەزگىلدە پەچەنەكلەر ماجارلارنى ئاتېلكوزودىن قوغلاپ چىقارغان)، ماجارلار يەنە غەربكە كۆچۈپ مالاۋىيىدە ئولتۇراقلاشتى، دەپ خاتىرىلەنگەن.

يۇقىرىقى بىر بۆلەك خاتىرىدىكى نۇرغۇن نۇقتىغا دىققەت قىلىشقا بولىدۇ. ئالدى بىلەن ماجارلار ئەسلىدە Sabartoi asphaloi دەپ ئاتالغان دېگەن نۇقتا. بۇ

گىرېكچە يېزىلىشى بولۇپ، asphaloi گىرېك تىلىدىكى سۈپەت سۆزى asphaloa (ئىشەنچلىك) نىڭ كۆپلۈك شەكلى. Sabartoi دېگىنى سابىر ياكى سابىرلارنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا Sabartoi asphaloi دېگىنى ئىشەنچلىك سابىرلار دېگەنلىك بولىدۇ. سابىر دېگەن بۇ نام پرىسكۇسنىڭ خاتىرىسىدە ئۇچرايدۇ، بۇ نام ھېچ بولمىغاندا 5 - ئەسىردىلا بولغان. 10 - ئەسىردە ياشىغان مۇسۇلمان سەيياھ ئىبنى فەزلان باغداد خەلىپىسىنىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە ۋولگا دەرياسى بويىدىكى بۇلغار خانى بىلەن كۆرۈشكەندە سۇۋاز (Suvaz) دەيدىغان خەلقنىڭ بارلىقىنى، ئۇلارنىڭ سۇۋار (Suvar) دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنىمۇ ئاڭلىغان[14]. ئەل خارەزمىينىڭ ئەسىرىدە: «فەراغىنە پەرغانە ئاھالىسىدۇر، ئەلئىخشىد پەرغانىنىڭ ھۆكۈمرانى، سۇۋار تىگىن (al — Suwartigin) ئۇنىڭغا بېقىنىدۇ» [15] دېيىلگەن. بۇ يەردىكى «سۇۋار» دېيىلگىنى «سابىر» ياكى «ساۋىر» لار ئىدى. «سابىر» قەدىمكى بۇلغار تىلىدىكى ئاتىلىشى، «سۇۋار» چۇۋاش تىلىدىكى ئاتىلىشى ئىدى. بۇلغار تىلى تۈركىي تىللارنىڭ ئوتتۇرا غەربىي ھۇن تىلى تارمىقىغا تەۋە، قەدىمكى بۇلغار تىلى بىلەن چۇۋاش تىلىدا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش ھادىسىسى مەۋجۇت. بۇلغار تىلىدىكى «a» تاۋۇشى چۇۋاش تىلىدا «u» تاۋۇشىغا ئۆزگىرىدۇ، بىراق بۇلغار تىلىدىكى «i» تاۋۇشى چۇۋاش تىلىدا «a» بولىدۇ. مەسىلەن: بۇلغارچە «jal» (يىل) = چۇۋاشچە «Sul»؛ بۇلغارچە «bilik» (ۋەسىقە) = چۇۋاشچە «palăk» [16]. شۇڭا «سابىر» ياكى «ساۋىر» دېگەن سۆز بۇلغارچە، «سۇۋار» دېگەن سۆز چۇۋاشچە. ھازىرقى چۇۋاش تىلىدا سۆزلىشىدىغان چۇۋاش مىللىتىنىڭ نامى «سۇۋار» ياكى «سۇۋاز» دىن كېلىپ چىققان.

كونىستانتىننىڭ «ماجارلار ئەسلىدە Sabartoi asphaloi دەپ ئاتىلاتتى» دېگىنى ئىلگىرى ماجارلارنىڭ ھەممىسى سابىرلار ئىدى دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى بىر قىسىم سابىرلار ماجار بولۇپ كەتكەن دېگەنلىك.

كلاۋسون «سابىر» دېگەننى سىيانپى دەپ تەھقىقلەيدۇ[17]. دۆلىتىمىزدىن بۇرھان، فېڭ جياشېڭ ئەپەندىلەر «سىبىردىيە» دېگەن نامنى «سابىر» يەنى «سىبىر» دىن كېلىپ چىققان دەيدۇ. «سىبىر» ئەسلىدە «سىربىر» دېيىلەتتى، ئىككى سوزۇق تاۋۇشنىڭ ئارىسىدا ۋە سۆز ئاخىرىدا «r» تاۋۇشى بولغاچقا، ئوتتۇرىدىكى «r» تاۋۇشى چۈشۈپ قالغان[18]. بۇنداق دېيىشنىڭ ئاساسى بار. باشتا تىلغا ئېلىنغان پرىسكۇسنىڭ خاتىرىسىدە ساراغۇر، ئوغۇر، ئونئوغۇر قاتارلىق ئۇيغۇر، ئوغۇز قەبىلىلىرىنى سابىرلار قوغلاپ چىقارغان، سابىرلارنى يەنە ئاۋارلار سىقىپ چىقارغان، دېگەنلەر تىلغا ئېلىنغان. ئەگەر سابىرلار سىيانپىلار بولسا، بۇ ئېلىمىز تارىخنامىلىرىدىكى خاتىرىلەرگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. «ۋېينامە» نىڭ 103 - جىلدىدىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، سىيانپىلاردىن بولغان تابغاچلار قۇرغان ۋېي دۆلىتى ئۇيغۇرلارنى ۋەيران قىلغان، ئاۋارلارنىڭ قەھرىمانى سېلۇنمۇ ۋېي سۇلالىسىنىڭ شىمالدىكى چېگرىلىرىغا پات - پات پاراكەندىچىلىك سېلىپ تۇرغان. شۇنىڭغا

دىققەت قىلىشقا بولىدۇكى، سىيانپىلارنىڭ تارقىلىش دائىرىسى كەڭ بولۇپ، تابغاچلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە ھۇنلارمۇ بار. «كېيىنكى خەننامە»دە «خېدى خانىنىڭ يۇڭيۈەن يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا چوڭ سانغۇن دۇ شيەن ئەۋەتكەن سول قانات چېرىكچىبەگ گېڭ گۈي ھۇنلارغا زەربە بەردى، ھۇنلارنىڭ شىمالدىكى تەڭرىقۇتى قېچىپ كەتتى، سىيانپىلار ئۇلارنىڭ زېمىنىغا كۆچۈپ كەلدى. ھۇنلارنىڭ ئۆز جايىدا قالغان 10 تۈمەندىن ئارتۇق ئاھالىسى ئۆزلىرىنى سىيانپى دەپ ئاتىدى، شۇ سەۋەپتىن سىيانپىلارمۇ پەيدىنپەي قۇدرەت تاپتى».

ھۇنلارنى ئۆزئىچىگە ئالغان بۇ بىرقىسىم سىيانپىلار كېيىنچە غەربكە كۆچتى، ئۇلارنىڭ بىرقىسمى پەرغانىدە تۇرۇپ قالدى (ئەل خارەزمىنىڭ كىتابىدا شۇنداق دېيىلگەن)، يەنە بىرقىسمى داۋاملىق غەربكە كۆچۈپ ۋولگا دەرياسى بىلەن كافكاز ئەتراپىغا ماكانلاشتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرقىسمى ھازىرقى چۇۋاشلارنىڭ ئەجدادىدۇر، شۇڭا غەرب ئالىملىرى ئارىسىدا چۇۋاشلارنى ھۇنلارنىڭ ئەۋلادى دەيدىغان قاراش بار⑲. ۋېنگرىيە ئالىمى گومبوز فونېتىكا نۇقتىسىدىن تەھلىل يۈرگۈزۈپ، ھازىرقى زامان ۋېنگىر تىلى لېكسىكىسىدىكى تۈركىيچە تەركىبلەرنىڭ چۇۋاش تىلى بىلەن ئوخشاشلىقىنى ئېنىقلاپ چىقتى⑳. بۇ قاراش ھەقىقەتەن مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىلگەن بولسىمۇ، بىراق 10 - ئەسىردىن ئىلگىرىكى سابىرلارنىڭ بىرقىسمىنىڭ ماجارلىشىپ بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭا كونستانتىنىنىڭ بۇ خاتىرىسىنى توغرا دېيىشكە بولىدۇ.

### 4. Khazar لار

كونستانتىن خاتىرىسىدە يەنە ئىككى خىل تۈركلەرنى، يەنى خازارلار بىلەن پەچەنەكلەرنى تىلغا ئالغان. ئۇلار تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغانلار بولۇپ، تىلى غەربىي ھۇن تىلى تارمىقىغا كىرىدۇ، خازار تىلى غەربىي ھۇن تىلى تارمىقىنىڭ بۇلغار تىلى گۇرۇپپىسىغا تەۋە، «r» تاۋۇشى بىلەن ئاخىرلىششى بۇ تىلنىڭ ئالاھىدىلىكى. پەچەنەك تىلى غەربىي ھۇن تىلى تارمىقىنىڭ ئوغۇز تىلى گۇرۇپپىسىغا تەۋە. 10 - ئەسىردىن ئىلگىرى خازارلار مەدەنىيەتتە خېلى ئىلغار ھەم كۈچلۈك خانلىققا ئىگە بولغانىدى، ئۇلار بىلەن ماجارلارنىڭ مۇناسىۋىتى خېلى ياخشى ئىدى، پەچەنەكلەر باتۇر، جەڭگىۋارلىقى بىلەن مەشھۇر بولۇپ، ھەمىشە ماجارلار بىلەن ئۇرۇشۇپ تۇراتتى.

خازار خانلىقىنىڭ تارىخى توغرىسىدا شەرقىي رىملىقلار، مۇسۇلمانلار ۋە يەھۇدىيلار كۆپلىگەن خاتىرىلەرنى قالدۇرغان. بىراق بۇ ماقالىدە خازار خانلىقىنىڭ تارىخى مۇلاھىزە قىلىنماي، خازارلار بىلەن ماجارلارنىڭ مۇناسىۋىتى بايان قىلىنىدۇ، خازارلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى قىسقىچە بايان قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانى ۋە ماجارلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى شەرھىيلىنىدۇ.

غەرب تارىخ ماتېرىياللىرىدا خازارلارنى تۈنجى بولۇپ تىلغا ئالغان كىشى 5 - ئەسىردە ئۆتكەن ئەرمېنىيىلىك تارىخچى

كورىنى موسېس (Moses of Chorene) بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ 3 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا خازارلارنىڭ ئەرمىنىيە ۋە ئىبېرىيىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ كېيىن ئەرمىنىيىگە پات ـ پات تاجاۋۇز قىلىپ تۇرغانلىقىنى تىلغا ئالغان. لېۋوند تۇنجى بولۇپ خازارلارنى تۈركلەر قاتارىدا تىلغا ئالغان. ئۇ: «قاغان شىمالنىڭ ھۆكۈمرانى، يەنى خازارلارنىڭ ھۆكۈمراندۇر، ئۇنىڭ خوتۇنى قاتۇن دېيىلىدۇ» دەيدۇ. سىدونىئۇس ئاپولىنىئارىس خازارلارنىڭ بىر مەزگىل ئاتتىلاغا بويسۇنغانلىقىنى تىلغا ئالغان㉑. 6 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا خازارلار غەربكە سۈرۈلۈپ ئاسۇر دېڭىزى، دون دەرياسى، ۋولگا دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمى، كاسپى دېڭىزى ۋە شىمالىي كافكاز ئەتراپلىرىنى ئىگىلىگەنىدى، شۇ سەۋەپتىن كاسپى دېڭىزى خازار دېڭىزى دەپمۇ ئاتالغان. 7 ـ ئەسىردە كۆچى تېخىمۇ زورىيىپ، شەرقىي رىم ئىمپېراتورى ھېراكلىئوس (575 ؟ — 641) بىلەن ھەمكارلىشىپ پېرسىيىگە يۈرۈش قىلغان. 679 ـ يىلى خازارلار بۇلغارلارنى مەغلۇپ قىلىپ زېمىنىنى دون دەرياسى بىلەن نىۋا دەرياسى ئارىلىقىغىچە كېڭەيتىپ، تەسىر كۈچىنى لىبىدىيىگىچە يەتكۈزدى. 8 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا يەنە قىرىم يېرىم ئارىلىغا بېسىپ كىرىپ، بۇ ئارالدىكى گوت (Goths) لارنى بېقىندۇردى. 10 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ خازارلار زاۋاللىققا يۈزلەندى، 11 ـ ئەسىرگە كەلگەندە رۇسلارغا بويسۇندى. تاكى 13 ـ ئەسىرگىچە ياۋروپا سەيياھلىرى قىرىمنى گازارىيە ياكى خازارىيە دەپ ئاتاپ كەلدى.

خازارلارنىڭ 9 ـ، 10 ـ ئەسىرلەردىكى ئەھۋالى توغرىسىدا مۇسۇلمان ئاپتورلار ۋە شەرقىي رىم تارىخچىلىرى خاتىرە قالدۇرغان. «ھودۇدۇلئالەم» دە: «خازارلار ۋولگا (Atil) دەرياسى ۋادىسىدا ئولتۇراقلاشقان، بۇ يەرنىڭ تۇپرىقى مۇنبەت، كالا-قوي پادىلىرى كۆپ. پايتەختى ئاتىل، ھۆكۈمرانى تارقان خاقان دېيىلىدۇ. ئاتىل شەھىرى ئىككى بۆلەككە ئايرىلىدۇ، غەربتە خاقان ۋە لەشكەرلەر تۇرىدۇ؛ شەرقتە مۇسۇلمانلار ۋە بۇتپەرەسلەر تۇرىدۇ»㉒ دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ خاتىرە ئىبىن فەزلاننىڭ بايانى بىلەن ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بىراق ئۇ خازارلار ۋە ئۇلارنىڭ خاقانى يەھۇدى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانى قاغان دېيىلىدۇ؛ ئۇنىڭدىن قالسا قاغان بەگ تۇرىدۇ، ئۇ ھەربىي قوشۇننى ۋە دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ؛ ئۇنىڭدىن قالسا kundur قاغان تۇرىدۇ؛ ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى jausygyr (يابغۇ؟) دېيىلىدۇ㉓ دېگەنلەرنى خاتىرىلىگەن. شۇ ۋاقىتتا ماجارلار بىلەن خازارلار ئىتتىپاقلىشىپ پەچەنەكلەرگە قارشى تۇرغان. خازارلاردىن بۆلۈنۈپ چىققان بىر قىسىم Kabar (قابار) لار ماجارلار بىلەن ئىنتايىن ئىناق ئۆتكەن. كونستانتىننىڭ ئېيتىشىچە قابارلار ماجارلارغا خازار تىلى ئۆگەتكەن، شۇڭا شۇ چاغدىكى ماجارلارنىڭ ھەممىسى خازار تىلىنى بىلىپ كەتكەن، قابارلار ئۇزۇن ئۆتمەي ماجارلارنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالغان.

ئارپاد خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى بولغان

ئارپادنىمۇ خازار قاغانى تەيىنلىگەنىدى. كونستانتىن مۇنۇلارنى خاتىرىلىگەن: «خازار قاغانى ماجارلارغا مەكتۇپ ئەۋەتىپ لىبېدىئاسنىڭ كېلىشىنى تەلەپ قىلدى، لىبېدىئاس قاغاننىڭ يېنىغا كېلىپ مەكتۇپ ئەۋەتىشنىڭ سەۋەبىنى سورىدى. قاغان ئۇنىڭغا: سەن پەزىلەتلىك، ئاقىل ھەم باتۇرسەن، ھازىر ماجارلارنىڭ بىر تارمىقى بولغان ۋويۋود (Voivode) لارنىڭ ئاتامانى بولۇپ تۇرۇۋاتىسەن، مەن سېنى ماجارلارنىڭ پادىشاھى قىلماقچىمەن، سېنىڭچە قانداق؟ دېدى. لىبېدىئاس: قاغان ئالىيلىرىنىڭ ھىممىتىگە كۆپ تەشەككۇر، مەن بۇ ئېغىر ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايمەن. بىراق قاغاننىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنماسلىققا ھەددىم ئەمەس، شۇنداق بولسىمۇ باشقا بىر رەھبەر Almo utzis ياكى ئۇنىڭ ئوغلى ئارپادنى تەۋسىيە قىلماقچىمەن، ئۇلار بۇ مۇشكۈل ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ، قاغان ئالىيلىرى-نىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنىدۇ، دەپ جاۋاپ بەردى. قاغان ئۇنىڭ جاۋابىدىن مەمنۇن بولۇپ، لىبېدىئاسنى ماجارلار بىلەن كېڭەششكە ئەۋەتتى. كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئارپاد تېخىمۇ ئەقىللىق، تېخىمۇ باتۇر، دۆلەت ئىشلىرىنى بىرتەرەپ قىلىشقا ماھىر دېيىشتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ پادىشاھ بولدى. ئارپادتىن ئىلگىرى ماجار ئېلىدە پادىشاھ يوق ئىدى»㉔. شۇڭلاشقا ۋېنگىر قەبىلىلىرىنىڭ بىرلىككە كېلىشى ئەنە شۇنىڭدىن باشلاندى، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ھەرقايسى ۋويۋود ئاتامانلىرىلا بار ئىدى. ئارپاد سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇشى تۈرك خازار قاغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ماجارلار ئىلگىرى رۇنىك يېزىقى ئىشلەتكەن. بۇ خىل يېزىق تۈرك رۇنىك يېزىقى بىلەن ئوخشىشىپ كەتسىمۇ، لېكىن تەلەپپۇزى ئوخشىمايدۇ، ئوڭدىن سولغا يېزىلىدۇ. ئېنىقكى، بۇ يېزىقنى ماجارلار تۈركلەردىن ئۆگەنگەن. خازارلار تەۋەسىدىن تېپىلغان بىرقىسىم رۇنىك يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر پەۋقۇلئاددە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بەلكىم ماجارلار بۇ يېزىقنى خازارلاردىن ئۆگەنگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ خىل يېزىقنىڭ ئېلىپبەسى ۋە ئاكۇستىك قىممىتى تۆۋەندىكىچە:

ۋېنگىر رۇنىك يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسى



## 5. پەچەنەكلەر

پەچەنەكلەر ۋېنگىر تىلىدا Besenjö دېيىلىدۇ. ئۇلارمۇ شەرقتىن غەربكە كۆچۈپ كەلگەن تۈرك قەبىلىسى بولۇپ، 9- ئەسىردىن 10 - ئەسىرگىچە كاسپىي دېڭىز بويلىرىدىكى يايلاقلاردا دەۋر سۈرگەن. ئۇلارنىڭ تىلى ئوغۇز - بۇلغار تىلى گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ. ئۇلار ئەسلىدە ئوغۇز

تىلىدا سۆزلىشىدىغان قەبىلە بولۇپ، غەربكە كۆچكەندە بۇلغار تىلىنىڭ تاۋۇش ئالاھىدىلىكىنى قوبۇل قىلغان. ھازىر رىم تارىخچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن ۋېنگىر يىلنامىلىرىدە پەچەنەك تىلىدا سۆزلىشىدىغان قەۋملەرنىڭ نامى، ئەمەل - مەنسىپى ھەمدە قورغانلىرىنىڭ نامىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. پەچەنەك تىلىدا «قورغان» Khatai دېيىلىدۇ، بۇ نام Katai يەنى «جۇڭگو» دېگەن سۆزنى ئەسلىتىدۇ، بۇ سۆزلەرنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بار، بۇنى ئېنىقلاشقا توغرا كېلىدۇ. ماركۋئارت پەچەنەكلەر غەربىي تۈركلەرنىڭ قەبىلىسى بولۇپ، قارلۇقلار تەرىپىدىن ئامۇ دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمى بىلەن كاسپىي دېڭىزى ئەتراپىغا قوغلىۋېتىلگەن[25] دەيدۇ. 10 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا پەچەنەكلەر لېبېدىيە رايونىغا تاجاۋۇز قىلىپ، ئۇيەردىكى ماجارلارنى قوغلاپ چىقارغان، ماجارلار غەربتىكى ئاتېلكوزوغا كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان، ئەمما ئۇ يەردىن يەنە قوغلىنىپ غەربكە كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن دون دەرياسى، نىۋا دەرياسى ھەم دىنىست دەرياسى ئارىلىقىدىكى كەڭ رايونلار پەچىنەكىيە (Patzinacia، پەچەنەكلەر تۇرۇشلۇق جاي دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتالغان. پەچىنەكىيە سەككىز رايونغا بۆلۈنىدۇ، ھەر بىر رايونغا بىر ئۇرۇق ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. ئۇلار مۇنۇلار: Ertim، Tzour (چور)، Gyla، Khoulpei، Kharaboi، Toulmatz، Khpon، Tzopon. ھەربىر ئۇرۇقنى بىردىن قاغان باشقۇرغان بولۇپ، ئۇلار مۇنۇلار: Maitzan (Baitzas مۇ دېيىلىدۇ)، Kouel، Koupkhoutai، Ipaon، Kaidoum، Kostan، Giazi، Batan، يۇقىرىقى ناملارنىڭ ھەممىسى ئەڭ بۇرۇنقى پەچەنەك تىلىدۇر. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم سۆزلۈكلەر ۋېنگىر تىلىغا قوبۇل قىلىنغان. مەسىلەن: ertim (تۆھپە، نەتىجە) ۋېنگىر تىلىدىكى erdem دېگەن سۆز بىلەن ئوخشاش مەنىدە. بۇ نام قەدىمكى تۈركچە «كۆلچور مەڭگۈ تېشى» دا «ئەردەم» دېيىلگەن. Gyla دېگەن سۆز ھۆرمەت نامى بولۇپ، ھازىرقى ۋېنگىر تىلىدا كۆپ ئۇچرايدىغان ئىسىمدۇر. «ھودۇدۇل ئالەم» دە ماجارلارنىڭ رەھبىرى Jula (جۇلا) دېيىلگەن.

پەچەنەكلەر باتۇر، جەڭگىۋار مىللەت بولۇپ، شەرقىي رىم، ماجار، رۇسلار ھەمىشە ئۇلاردىن ۋەھىمە يەيتتى. شەرقىي رىم ئىمپېراتورى كونىستانتىن: «مۇبادا شەرقىي رىم پەچەنەكلەر بىلەن ئەپ ئۆتەلىسە، رۇسلار بىلەن ماجارلار شەرقىي رىم زېمىنىغا باستۇرۇپ كىرەلمەيتتى، شەرقىي رىملىقلار نۇرغۇن بايلىقلارنى تىنچلىقنىڭ بەدىلى قىلمىغان بولاتتى، مۇبادا شەرقىي رىم ئىمپېراتورى سوۋغا ياكى مەكتۇپ ئارقىلىق پەچەنەكلەرنىڭ دوستلۇقىنى قولغا كەلتۈرەلىسە، پەچەنەكلەر رۇس ۋە ماجارلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئاياللىرىنى بۇلاپ - تالاپ قۇل قىلاتتى ھەم ئۇلارنىڭ يەرلىرىنى ۋەيران قىلىۋېتەتتى»[26] دەيدۇ. ئىبىن فەزلان پەچەنەكلەر رايونىدا بىر كۈن تۇرغان بولۇپ، ئۇ: «پەچەنەكلەرنىڭ ئۆڭى قېنىق قوڭۇر كېلىدۇ، ساقىلىنى قىرىپ يۈرىدۇ» دەپ خاتىرىلىگەن.

پەچەنەكلەر لېبېدىيە بىلەن ئاتېلكوزو-

نى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ماجارلارنى غەربكە قوغلىۋېتىشنىڭ جەريانى تۆۋەندىكىچە: 10 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇلغارىيىنىڭ ئۇلۇغ كىنەزى سىمۇن (Symeon) بىلەن شەرقىي رىم ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولىدۇ. شەرقىي رىم ئىمپېراتورى ماجارلاردىن ياردەم تەلەپ قىلىپ، بۇلغارلارنى چېكىندۇرمەكچى بولىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي شەرقىي رىم پەچەنەكلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، ماجارلارنى ئىسكەنجىگە ئالىدۇ. بۇ چاغدا ماجارلار لېبېدىيە رايونىدا ئىدى، پەچەنەكلەر بىلەن بۇلغارلار لېبېدىيىنى ۋەيران قىلىدۇ، پەچەنەكلەر ئۇ يەرنى ئىگىلەيدۇ. ماجارلار ئاتېلكوزوغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ، پەچەنەكلەر يەنە قىستاپ كېلىدۇ، ماجارلار يەنە غەربكە كۆچۈپ موراۋىيىدە ئولتۇراقلىشىپ قالىدۇ. 934 ـ يىللىرى پەچەنەكلەر بىلەن ماجارلار يارىشىپ، شەرقىي رىمغا ھۇجۇم قىلىپ سېرىسقا بېسىپ كىرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن پەچەنەكلەر بىلەن شەرقىي رىم ئوتتۇرىسىدا كۆپ قېتىم ئۇرۇش بولىدۇ. 1122 ـ يىلى شەرقىي رىم ئىمپېراتورى جون كومنىنوسنىڭ ئەجەللىك ھۇجۇمىدا پەچەنەكلەر ھالىدىن كېتىدۇ. ھازىرقى بالقان يېرىم ئارىلىدىكى تۈركلەر ئارىسىدا ئادرىيا قورغىنىدىكى سۇرگۇس (Surguči) لەر

ئىشلىتىدىغان تىل پەچەنەك تىلىغا يېقىن.

Surguči دېگەن بۇ سۆز «سۇر» بىلەن «گۇس» نىڭ قوشۇلۇشىدىن تۈزۈلگەن، «سۇر» پەچەنەكلەرنىڭ سەككىز ئۇرۇقىدىكى Khoulpei لارنى كۆرسىتىدۇ، Khoulpei يەنە Surou Khoulpei مۇ دېيىلىدۇ. «گۇچى» دېگەن سۆز ghuz (غۇز) دېگەن سۆزدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن، يەنى ghuz > guč. بەزى پەچەنەكلەر 12 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ماجارلارنىڭ بىر قىسمى بولۇپ كەتكەن.

مەملىكىتىمىزدىن يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر شائىر ھەم خەتتات قاڭلى كۇيكۇيمۇ پەچەنەكلەرنىڭ ئەۋلادى، ئۇنىڭ بوۋىسى بوغۇم (不忽木) ئىدى. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» نىڭ 130 ـ جىلدىدا: «بوغۇم ۋاقتىنچە قوللانغان ئىسمى، ئەسلى ئىسمى چېن بولۇپ، قاڭلى قەبىلىسىدىكى ئۇلۇغلاردىن ئىدى» دېيىلگەن. قاڭلىلار «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» دا «康邻» دەپ ئۇچرايدۇ، مۇشۇ كىتابنىڭ 198 ـ، 262 ـ، 270 ـ، 274 ـ بابلىرىدا قىپچاقلار بىلەن بىللە تىلغا ئېلىنغان، شۇڭا قىپچاقلارنىڭ ئەتراپىدا بولۇشى مۇقەررەر. 11 ـ ئەسىردە ئۆتكەن جۇغراپىيىشۇناس گەردىزى «پەچەنەكلەرنىڭ شەرقتىكى قوشنىسى قىپچاقلار ئىدى» دەيدۇ. يەنە كونستانتىننىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، پەچەنەكلەرنىڭ سەككىز ئۇرۇقىدىن ئۇچى، يەنى Ertim، Tzour، Gyla لار Kangar («كەنگەر» — «باتۇر» دېگەن مەنىدە) دېيىلگەن. شۇ ۋەجىدىن پەچەنەكلەرمۇ كەنگەر دېيىلىدۇ ㉗. كەنگەر قىپچاقلار بىلەن قوشنا بولغاچقا، ئۇلارنىڭ تۇرىدىغان يېرى «يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەخپىي تارىخى» دىكى «康邻» لار توغرىسىدىكى خاتىرىلەرگە ماس كېلىدۇ. شۇڭا روسىيىلىك برېتش نېيدېر بىلەن ھازىرقى زامان چېخ خەنزۇشۇناسى پوكا قاڭقىلىلار پەچەنەكلەر ئىدى دېگەننى

تەشەببۇس قىلىدۇ ㉘. بۇ يەردىكى كەنگەر قەدىمكى تۈركچە «كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى» دىكى كەنگەرەس خەلقىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن ㉙. سوۋېت ئىتتىپاقىدا ياشاۋاتقان تۈركىي تىلىدا سۆزلەشكۈچى باشقىرتلار ئارىسىدا 18 ـ ئەسىرلەردە قاڭلى قەبىلىسى مەۋجۇت ئىدى.

## 6. باشقىرتلار

باشقىرتلارنىڭ كۆپىنچىسى هۇنلارنىڭ ئەۋلادى. پارس تارىخچىسى راشىددىن بىلەن 13 ـ ئەسىردە ياشىغان پلانو كارپىنىلار باشقىرتلارنى ماجار دەپ ئاتىغان. باشقىرتلار كاسپىي دېڭىزىنىڭ شىمالى، ۋولگا دەرياسىنىڭ شەرقىدە تۇراتتى. ئىبىن فەزلان 921 ـ، 922 ـ يىللىرى ئۇرال، سامارا دەريالىرىدىن ئۆتۈپ شىمالدىكى ۋولگا دەرياسىنىڭ شەرقىگە يېتىپ بارغاندا باشقىرتلارنى كۆرگەن. ئۇنىڭ خاتىرىسىگە قارىغاندا، باشقىرتلار قىش ئىلاهى، ياز ئىلاهى، يامغۇر ئىلاهى، شامال ئىلاهى، ياغاچ ئىلاهى، ئادەم ئىلاهى، سۇ ئىلاهى، قاراڭغۇلۇق ئىلاهى، كۈن ئىلاهى، ئۆلۈم ئىلاهى، يەر ئىلاهىدىن ئىبارەت 12 خىل ئىلاهقا چوقۇنىدىكەن، يەنە بەزىلىرى بېلىققا، بەزىلىرى تۇرنىغا چوقۇنىدىكەن، ئىپتىدائىي دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان يەنە بىر قەبىلىمۇ بار ئىكەن ㉚. باشقىرتلارنى ماجار دەپ ئاتاشقا بولىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈلەپ ئۆتكەن بولسامۇ، بۇ نۇقتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرراق چۈشەندۈرۈپ ئۆتەي. ۋېنگىرىيە ئالىمى نېمېت Bashkort ياكى Bashkurd دېگەن نام Bäsh — ghur (بەش قەبىلە) دىن كېلىپ چىققان، ئەڭ دەسلەپ بىر تۈركۈم ماجار قەبىلىلىرى كافكاز تاغلىرىدا ئولتۇراقلاشقان، كېيىن باشقا تۈركلەر بىلەن بىرگە شىمالغا كۆچۈپ، ۋولگا دەرياسىنىڭ شەرقىگە كېلىپ، غەربىي سىبىرىيەدىن جەنۇبقا كۆچكەن تۈركلەرگە قوشۇلۇپ كەتكەن دەپ قارايدۇ. بىراق تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلغاندا، باشقىرت تىلى تۈركىي تىل بولۇپ، ئۇگۇر تىلىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، شېۋىلىرى كۆپ، هەرقايسى شېۋىلىرى شۇ دەۋردىكى قەبىلىلەرنىڭ تىلىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ، ئۇلار ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىشكەن. ئۇنىڭ ئىچىدە قىپچاق تىلى بىلەن بۇلغار تىلى ئاساسىي تەركىبىنى ئىگىلىگەچكە، ئادەت بويىچە قىپچاق - بۇلغار تىلى گۇرۇپپىسىغا تەۋەدۇر. قىپچاقلار كومان دەپمۇ ئاتىلىدۇ، بۇ ۋېنگىر تىلىدا كۆن دېگەنلىك. قىپچاقلار ئەڭ بۇرۇن جەنۇبىي ئالتاي خەلقىگە تەۋە بولۇپ، هۇنلارنىڭ بىر قەبىلىسى ئىدى. قىپچاق دېگەن نام هۇنلارنىڭ 屈射 دېگەن قەبىلىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. «خەننامە . هۇنلار هەققىدە قىسسە» دە: «كېيىن (باتۇر) شىمالدا 浑庾 ، 屈射 ، دىڭلىڭ، قىرغىز، 新犁[龙] ئەللىرىنى بويسۇندۇرغاچقا، هۇنلارنىڭ تۆرە ـ ئەمەلدارلىرى ئۇنىڭغا بويسۇنۇپ، ئۇنى دانىشمەن دەپ ئاتىدى» دېيىلگەن. 屈射 نى قەدىمكى خەنزۇ تىلىنىڭ ئاهاڭى بويىچە ئوقۇغاندا «قىپچاق» دېگەن سۆزگە يېقىنلىشىدۇ. 18 ـ ئەسىردە يېزىلغان باشقىرتلارغا دائىر ماتېرىياللاغا ئاساسلانغاندا، ئۇلارنىڭ ئىچىدە قىپچاق قەبىلىلىرى بولغاچقا، ئۇلارنى هۇنلارنىڭ ئەۋلادى دېيىشكە بولىدۇ. شۇنداق قاراشقا

بولىدۇكى، ماجارلار كۆچكەندە بىر قىسمى ۋولگا دەرياسىنىڭ شەرقىدە باشقىرتلار بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىپ قانداشلىق شەكىللەنگەن، قالغان قىسمى غەربكە كۆچۈپ لېبېدىيىگە كەلگەن. باشقىرتلاردا يۇرماتى ( Yurmaty ) دېيىلىدىغان بىر قەبىلە بولۇپ، ئۇلار ئالتە ئۇرۇقتىن تەركىب تاپقان، ئۇنىڭ ئىچىدە بىرى مىشېر يۇرماتى ( Mišer — yurmaty ) دەپ ئاتىلاتتى ㉛. نېمېت مىشېرنىڭ ماجار بىلەن ئوخشاش ئىسىم ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقتى ㉜. يۇرماتى ۋېنگىر تىلىدىكى Gyarmat (يۇرت، ماكان) دېگەنلىك، مىشېر يۇرماتى ماجالارنىڭ يۇرتى دېگەنلىك بولىدۇ. يۇرماتى ناھايىتى قەدىمىي سۆز. كونستانتىننىڭ خاتىرىسىدە بىر ماجار ئۇرۇقىنىڭ Kourtougermat دەپ ئاتىلىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان، Kourtou ۋېنگىر تىلىدا Kürt (بۆرغا)، germat بولسا يۇرماتى دېگەنىنىڭ ئۆزى ئىدى. شۇڭا باشقىرتلار ئىچىدىكى يۇرماتى ماجار ئۇرۇقىدۇر. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان ماجارلار يەنى باشقىرتلار يۇرماتى قەبىلىسى ياكى مىشېر يۇرماتى ئۇرۇقى بولۇشى مۇمكىن. باشقا تۈركىي تىللار ياكى ۋېنگىر تىلىدىكى سۆز بېشىدا كېلىدىغان «Gy» تاۋۇشى باشقىرت تىلىدىكى «y» تاۋۇشىغا توغرا كېلىدۇ، بۇ باشقىرت تىلىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكىدۇر.

ۋېنگىرلار تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، بولۇپمۇ 10 - ئەسىردىن ئىلگىرى تۈركىي قەبىلىلەر بىلەن كۆپ ئۇچراشقان، بۇ ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغان پاكىت. مېنىڭ كۆرگەن ھۆججەت - ماتېرىياللىرىم كۆپ ئەمەس، بەزى مەسىلىلەرنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ بايان قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ ماقالىدىكىسى پەقەتلا بىر بايان، ئاددىي ھەم تومتاق بولۇپ قالدى، ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ كۆپرەك كۆرسەتمە بېرىشىنى سورايمەن.

---

ئىزاھلار

① ۋېنگىرلارنىڭ ئىسىم - فامىلە ئادىتىدە فامىلىسى ئالدىدا، ئىسمى كەينىدە كېلىدۇ. Vambery فامىلىسى، Armin ئىسمى.

② دېنىس سىنور: «5 - ئەسىردىكى مىللەتلەرنىڭ كۆچۈشى»، 1946 — 1947 - يىللىرى پارىژدا چىققان «ئاسىيا» ژۇرنىلىنىڭ 1 - بېتىدىن ئېلىندى.

③ «غەربىي تۈرك تارىخ ماتېرىياللىرى»، 129 - بەت، فېڭ چېڭجۈن تەرجىمە قىلغان.

④⑩㉒ «ھودۇدۇل ئالەم»، مىنورىسكىي تەرجىمە قىلغان، 318 — 319 -، 161 -، 162 - بەتلەر.

⑤ ياڭ شيەنيى: «لىڭمۇ ئەسەرلىرىنىڭ داۋامى» ( 零墨续笺 )، 92 - بەت.

⑥ سېن جۇڭمىيەن: «تۈرك تارىخى توپلىمى»، 666 - بەت.

⑦⑯ باسكاكوف: «تۈركىي تىللار» 36 -، 106 — 109 - بەتلەر، 1960 - يىلى.

⑧ «نىجاتنامە» ( 挽辞 ) نىڭ پۈتۈن تېكستى، مايتېنىسكار تۈزگەن «ۋېنگىر تىلى» 1 - جىلد، 15 — 16 - بەتلەر.

⑨ پارترىدگې تۈزگەن «ئوكيانۇس»، 372 - بەت، 1961 - يىلى.

⑪ «ئىمپېرىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى»، بۇ ئەسەرنىڭ گىرېكچە نۇرغۇن قول يازمىلىرى بار، پارىژ دۆلەت كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان 2009 - نومۇرلۇق P نۇسخىسىدا بىر يەردە Khazar دېگەن سۆز

Mazar دېيىلگەن، ھېراق Mazar دېگەن ئىسىم يوق، شۇڭا P نۇسخا خاتا بولۇشى مۇمكىن.

⑫㉔㉖㉗ موراۋسكىي: «ۋىزانتىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى»، 170 ـ، 171 ـ، 50 — 52 ـ بەتلەر، 1949 ـ يىل بۇداپېشت.

⑬ ئاتېلكوزو (Atelkouzou) ئىككى دەريانىڭ ئارىسى دېگەن مەنىدە بولۇپ، قارا دېڭىزنىڭ غەربىدىكى دېنېپىر دەرياسى بىلەن سېرېت دەرياسى ئارىلىقىدىكى يەرلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردىكى Atel «سۇ» دېگەن مەنىدە، Kouzou قەدىمكى ۋېنگىر تىلىدىكى ئوقۇلۇشى بولۇپ، ھازىرقى ۋېنگىر تىلىدا Köz دەپ ئوقۇلىدۇ (يەر، ئىككى جاينىڭ ئارىسى دېگەن مەنىدە)، شۇڭا بۇ ئىسىم يەنە Atelkoz دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

⑭㉓ كوۋالېۋسكىي: «ئىبىن فەزلاننىڭ ساياھەت خاتىرىسى»، 1956 ـ يىل رۇسچە نەشرى، 139 ـ، 223 ـ بەتلەر. Suvaz يەنە Suvar مۇ دېيىلىدۇ، بۇ ھەرقايسى تۈركىي تىللاردا شۇنداق پەرقلەنگەن، Suvar بولسا «r» لىق تۈركىي تىللار تارمىقىغا، Suvaz بولسا «z» لىق تۈركىي تىللار تارمىقىغا تەۋە.

⑮بۇ بۆلەكتە «ئاسىيا» ژۇرنىلىنىڭ 1965 ـ يىلدىكى سانىدا ئېلان قىلىنغان س . پ . بوسۋېچنىڭ تەرجىمىسى ئاساس قىلىندى. خارەزمىنىڭ ئەسىردە پەرغانىنىڭ ھۆكۈمرانى «ئىخشىد» دېيىلگەن، بۇ 10 ـ ئەسىردىكى بىرۇنىنىڭ خاتىرىسىگە ماس كېلىدۇ. بىرۇنىنىڭ ئەسىرى (رۇسچە تەرجىمىسى، 1 ـ توم، 11 ـ بەت) دىمۇ پەرغانە ھۆكۈمرانى «ئىخشىد» دېيىلگەن.

⑰ كىلاۋسون: «تۈركلەر بىلەن موڭغۇللار ئۈستىدە تەتقىقات» 20 ـ بەت، ئېنگلىزچە، روزاك شىركىتى نەشرىياتى 1962 ـ يىلى نەشرى.

⑱ «تارىخ تەتقىقاتى» 1956 ـ يىل 12 ـ سان، 58 — 62 ـ بەتلەر.

⑲ Z. D. M. G ژۇرنىلىنىڭ 1929 ـ يىللىق سانلىرىغا ۋە «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» نىڭ 1 ـ تومىدىكى بارتولد بىلەن پوپپېلارنىڭ ماقالىسىگە قاراڭ.

⑳ دېنىس سىنور: «ۋېنگىرلارنىڭ تارىختىن ئىلگىرىكى تارىخىدىن تىزىس» «دۇنيا» ژۇرنىلىنىڭ 1958 ـ يىللىق 4 ـ جىلد 3 ـ سانى، 518 ـ بەت.

㉑ «يەھۇدى ئېنسىكلوپېدىيىسى» 4 ـ جىلد 1 ـ بەت.

㉕ گىروسېت: «يايلاق ئىمپېرىيىسى» روگىس ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 182 ـ بەت.

㉘ بىرېتىس نېيدېر: «ئوتتۇرا ئەسىر تەتقىقاتى» 1 ـ جىلد 304 ـ بەت؛ بۇگا: «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» 76 ـ بەت، 1956 ـ يىل پراگا نەشرى.

㉙ Kangar ئەسلىدە گىرېكچە يېزىلىشى ئىدى. بۇ ئىسىم ئەڭ دەسلەپ كونىستانتىننىڭ گىرېكچە ئەسىرىدە ئۇچرايدۇ. گىرېك تىلى بىلەن تۈركىي تىللاردىكى تاۋۇشلارنى سېلىشتۇرغاندا گىرېك تىلىدىكى «a» تاۋۇشىنىڭ تۈركىي تىللاردىكى «o»، «e» («ä»)، «i» تاۋۇشلىرىغا توغرا كېلىدىغانلىقىنى بايقىدۇق. مەسىلەن: pecheneg گىرېك تىلىدا pantzinakoi دېيىلىدۇ، بۇنىڭدا a بىلەن «e» («a») تاۋۇشى ماسلاشقان. شۇڭا تۈركىي تىللاردا pecheneg ياكى ئەڭ توغرىسى Băčinäk دېيىلگەن. Kangar تۈركىي تىللاردىكى Kängäraš غا توغرا كېلىدۇ. گىرېك تىلىدىكى «e» تاۋۇشى تۈركىي تىللاردىكى «ï»، «i»، «a»، «ä»، «ö»، «u» تاۋۇشلىرىغا، گىرېك تىلىدىكى ektag تۈركىي تىللاردىكى aktag، akdag (ئاق تاغ) قا، گىرېك تىلىدىكى «ou» تۈركىي تىللاردىكى «o»، «ö»، «ü»

تاۋۇشلىرىغا، گىرېك تىلىدىكى Tourk سۆزى تۈركىي تىللاردىكى Türk سۆزىگە، گىرېك تىلىدىكى Ouzpek سۆزى تۈركىي تىللاردىكى uzbak (ئۆزبەك) سۆزىگە، گىرېك تىلىدىكى «au» تۈركىي تىللاردىكى «ab» غا، گىرېك تىلىدىكى Taugast تۈركىي تىللاردىكى Tabgač (تابغاچ) قا، گىرېك تىلىدىكى Audoulakh تۈركىي تىللاردىكى Abdullah غا توغرا كېلىدۇ.

㉚ ماجارلار غەرب دىنىنى قوبۇل قىلىشتىن ئىلگىرى شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. ماجارلارنىڭ شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قايسى مىللەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى ھازىرچە ئىسپاتلانمىدى.

㉛ «باشقىرت فىلولوگىيىسى ھەققىدە» 67 - بەت، 1959 - يىل موسكۋا نەشرى. بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورىنىڭ تەكشۈرۈشىچە، 18 - ئەسىردە باشقىرتلارنىڭ 29 قەبىلىسى بولغان، قائىلى، يۇرماتىلارمۇ شۇلار ئىچىدە ئىدى. يۇرماتى قەبىلىسىدە ئالتە ئۇرۇق بولۇپ، مىشىر يۇرماتى شۇلارنىڭ بىرى ئىدى.

㉜ نەمەت: «ماجارلار ۋە مىشىرلار» «ۋېنگرىيە شەرقشۇناسلىق مەجمۇئەسى» 1972 - يىللىق سانى 293 — 299 - بەتلەر.

1985 - يىلى 2 - ئايدا دۇنيا بىلىملىرى نەشرىياتى نەشر قىلغان «جۇڭگو - چەت ئەل مۇناسىۋەت تارىخى مەجمۇئەسى» نىڭ 1 - توپلىمىدىن تەرجىمە قىلىندى. تەرجىمە قىلغۇچى: تەلئەت ئوبۇلقاسىم.

تەرجىمە تەھرىرى: ئەخمەت روزى توغرۇل

(بېشى 5 - بەتتە)

تەزكىرىنىڭ سۈپىتى ئۆسىدۇ، سۈپەتلىك تۈزۈلگەن تەزكىرىلا «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا ياردەم بېرىش، تارىخنى ساقلاش، خەلقنى تەربىيىلەش» تىن ئىبارەت رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرالايدۇ.

6. تەزكىرە مۇئەييەن ئىدىيىۋىلىككە ئىگە بولىدۇ. بۇ يېڭىچە تەزكىرىنىڭ سىياسىي ئالاھىدىلىكى، سىياسىي ئۆلچىمىدىن ئىبارەت. ھەممىمىزگە مەلۇم، ھەرقانداق بىر ئەسەردە مۇئەييەن ئىدىيە ئالغا سۈرۈلىدۇ، ئۇنىڭغا ئاپتورنىڭ ئىدىيىۋى خاھىشى سىڭگەن بولىدۇ، تەزكىرە شەخسنىڭ ئەسىرى بولمىسىمۇ، ئۇنى يەنىلا ئادەم تۈزىدۇ، ئەمما ئۇنىڭغا سىڭدۈرۈلىدىغىنى مەلۇم شەخسنىڭ ئىدىيىسى بولماستىن، بەلكى دەۋرنىڭ خاھىشى يەنى شۇ دەۋردە ئاساسىي لىنىيە قىلىنغان ئىدىيىدىن ئىبارەت.

7. تەزكىرە ئىلمىيلىككە ئىگە بولىدۇ. يېڭىچە تەزكىرىلەرنىڭ مەزمۇنى جەھەتتە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشكە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ، ئۇنىڭدا شۇ دەۋردىكى پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى ئەتراپلىق، سىستېمىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ؛ سۈرەت، جەدۋەللەرنىڭ لايىھىلىنىشى ۋە تۈزۈلۈشىدە زامانىۋى پەن - تېخنىكا قوللىنىلىدۇ؛ تەزكىرىلەرنىڭ تۈزۈلۈشىنىڭ مۇكەممەل، ئىلمىي بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. تەزكىرىنىڭ ئىلمىيلىكى ئۇنىڭ دەۋرنىڭ، تارىخنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدۇ.

تەھرىرلىگۈچى: ئەخمەت روزى توغرۇل

新疆地方志

（季刊）

目　录

2004年第二期

总第六十七期

顾　问
乌依古尔·沙依然
伊敏·图尔逊
努尔穆罕默德·多莱提
沙比尔·艾力

主　编
迪木拉提·木沙

副主编
阿不都肉甫·艾力
艾合买提·肉孜·托格如力

编　委
（姓氏以维吾尔文字母为序）
阿不都肉甫·艾力
阿不都守库尔·图尔地
阿不都克优木·霍加
阿不来提·努尔东
阿不来提·伊敏
热米拉
吾甫尔·吾守尔·尼亚孜
霍加阿合买提·优努斯
哈德尔·阿皮孜
哈斯木·霍加
库尔班·马木提

责任编辑
阿不力孜·鄂尔浑

# 目　录

## 修志研究

地方志的性质和特证 …… 阿不都肉甫·艾力 1

## 历史资料

论努希尔万·亚吾谢夫的新疆旅行 …… 大石真一郎 6

伊塔事件始末 …… 阿不都热依木·亚库甫 16

河西回鹘与摩尼教 …… 艾尔肯·艾尔西丁 24

突厥碑铭中提到的部落—奇可人 …… 萨阿达提·固买奇 28

## 历史回忆录

墨玉县1949年底已前的传统教育 …… 买买提敏·努日 31

伊犁红翅膀体育代表团 …… 托合提·伊布拉因 35

可贵的精神 …… 霍加阿合买提·优努斯 41

## 学术讨论

论十世纪前突厥与匈牙利的关系 …… 龚方震 50

封一：哈密风光 …… 玉苏甫·芽库甫摄